بالىلارغا سوۋغا-2



4

ئادىل ئىمىن

# خرۇستال كەش

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



بالىلارغا سوۋغا — 2

4

ئادىل ئىمىن

# خرۇستال كەش

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

水晶鞋：维吾尔文/阿地力·依明著. 一喀什：喀什维吾尔文出版社：乌鲁木齐：新疆电子音像出版社，2010.4

(给孩子们的礼物. 中)

ISBN 978-7-5373-2011-5

Ⅰ. ①水... Ⅱ. ①阿... Ⅲ. ①童话一作品集一中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I287.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第069887号

丛 书 名　给孩子们的礼物－中（4）
书　　名　水晶鞋
策　　划　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
作　　者　阿地力·依明
责任编辑　买哈巴·铁外库
特约编辑　艾合买提·买买提
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对　克尤木·吐尔逊
封面设计　努尔买买提·吾买尔
出　　版　喀什维吾尔文出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆翼百丰印务有限公司
开　　本　880×1230mm 1/32
印　　张　3
版　　次　2010年4月第1版
印　　次　2010年9月第1次印刷
印　　数　1—5000
书　　号　ISBN 978-7-5373-2011-5
总 定 价　84.00元
本册定价　8.00元

(书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系)

# مۇندەرىجە


خىرۇستال كەش ........................................ 1
شاھزادە دىلشات ۋە مەلىكە ئىپارقىز ........................ 29
ئېشەك ۋە گۈل ........................................ 53
قاغا بىلەن بۆركۆت........................................ 56
ئۆلۈك يولۋاس بىلەن ئەخمەق ئېشەك ........................ 61
پوچىنىڭ ئاقىۋىتى........................................ 65
بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ ھەيكىلى........................................ 67
تۈلكىنىڭ رامكىسى........................................ 71
ئەخمەق ئېشەك ........................................ 74
كۆلۆپلا يۆرىدىغان ئادەم ........................................ 77

# خرۇستال كەش

(چۆچەك)

موماي ئۆزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان نەۋرىلىرىگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتقان بولسا كېرەك: «ئۇ مەلىكە ئاپپاق ۋە يۇمران پۇتلىرىغا قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ خىرۇستال كەش كىيگەن ئىكەن. بۇنداق كەش مەلىكىگىلا خاس بولۇپ باشقىلار كىيمەن دېسىمۇ كىيەلمەيدىكەن، چۈنكى خىرۇستال كەش ...» دەۋاتقىنىدا بىرىلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئايقىز ئىختىيارسىز خىيال دەرياسىغا غەرق بوپتۇ، مەن بىر مەلىكە بولسام، بىر جۈپ خىرۇستال كەشىم بولسا ... مەغرۇر قەدەم تاشلاپ تاقىلداپ مېڭىپ كەتسەم، دوستلىرىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتسە، ... ۋاھ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟! ... راستتىنلا خىرۇستال كەش مەلىكىگىلا خاسمىدۇ؟ ئۇنداقتا خىرۇستال كەش كىيگەن قىزلارمۇ مەلىكە ھېسابلىنامدىغاندۇ؟ ... ئەگەر شۇنداق بولسا مەن بىر ياق، بىر جۈپ خىرۇستال كەشكە ئېرىشمىسەم.

ئۇ شۇنداق ئوي ـ خىياللار ئىچىدە ئولتۇرۇپ، ئولتۇرۇپ

كۆزلىرى يۇمۇلۇپتۇ.

شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پايانسىز كەڭ بىر دالا، تارغىنە چىغىر يول كۆرۈنۈپتۇ. ئەتراپتا ھېچ بىر ئىنس - جىن كۆرۈنمەيدىكەن. بۇ يەرگە تىمتاسلىق ھۆكۈمران ئىكەن. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۇنى بۇ جايغا ئاستا - ئاستا سۆرەپ ئەكىلىپ قويۇپتۇ.

«مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ھېلىلا، ھېلىلا مومامنىڭ قېشىدا چۆچەك ئاڭلاپ ئولتۇرغانتىمغۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، ئۆيۈم قايسى تەرەپتە قالغاندۇ؟...»

ئۇ شۇنداق ئەندىشە ئىچىدە تېنەپ تۇرغىنىدا يىراقتىن ۋالىلداپ تۇرغان بىر نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئايقىز قىزىقىش ئىچىدە شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ. كېتىۋېتىپ پىچىرلاپتۇ: «ئۇ نېمىدۇ؟ خىرۇستال كەشمۇ - يا، پەقەت خىرۇستال كەشلا ئەنە شۇنداق ۋالىلداپ نۇر چاقنىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ چوقۇم خىرۇستال كەش، ئاھ! خىرۇستال كەش...»

ئۇ ئاخىرى ھېلىقى نەرسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. پاھ! راستتىنلا خىرۇستال كەشكەن ئەمەسمۇ. بىراق، بىر جۈپ ئەمەس، بىر پايلا ئىكەن. ئاي نۇرىدا ۋالىلداپ، ياق سوغۇق يالتىراپ تۇرىدىكەن.

«ھېچقىسى يوق — دەپتۇ ئايقىز ھاياجان ئىلكىدە ئۇنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، — يەنە بىرىمۇ ئۇچراپ قالار» دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ.

بىراق ئۇ يەنە بىر پاي خىرۇستال كەشنى تاپالماپتۇ. ھەر تەرەپنى ئىزلەپتۇ. خۇددى يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىنچىكىلەپ ئىزدەپتۇ (گەرچە مۇنداق ئىزدەش ئوشۇقچە بولسىمۇ)، ئەمما ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئاخىرى چارچاپ توختىغان يەردىلا ئولتۇرۇپتۇ، يەنە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ: ھېچقىسى يوق، بىر پاي خىرۇستال كەشىم بولسىمۇ مەيلىغۇ، بەربىر يوقتىن ياخشى. دوستلىرىمدا بىر پاي خىرۇستال كەش تۇگۇل، ئۇنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ئەمەسمۇ، ئۇلار مەندە خىرۇستال كەش بارلىقىنى كۆرسە چوقۇم ئىچى ئۆرتىلىپ كېتىدۇ.

بىراق بۇ بىر پاي كەش بىلەن مەلىكە بولالارمەنمۇ، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ يەنە، — ئۇنى بىر پۇتۇمغا كىيەلەيدىغان تۇرسام ... ھېلىقى مەلىكە بىر جۇپ...

شۇنداق ئويلاۋېتىپ ئۇ بىردىنلا يەنە «تاپتىم، — دەپ توۋلاپتۇ خۇشاللىق بىلەن، — پۇتۇن مەلىكە بولالمىساممۇ يېرىم مەلىكە بولىمەن. يېرىم مەلىكە بولساممۇ بەربىر مەلىكىمەن.»

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ راستىنلا بىر پاي كەشنى كىيىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ. خۇددى مەلىكىگە ئايلانغاندەك ھېس قىلىپ گىدىيىپ كېتىپتۇ. بىراق تۇنجى قەدىمىدىلا ئېگىز پاشنىلىق خىرۇستال كەشى مىتكوت كېتىپ پۇتى قايرىلىپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۇ خۇشاللىق تۇيغۇلىرى ئىچىدە ئاغرىقنىمۇ سەزمەستىن دىڭگوسلاپ مېڭىپ كېتىپتۇ. كېتىۋېتىپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپتۇ: «مەن يېرىم مەلىكە بولدۇم!!! مەن يېرىم مەلىكە

بولدۇم!!! مەن يېرىم مەلىكە بولدۇم!!!»

شۇ ھامان كەڭ زېمىنىدىن ئەكس سادا كەپتۇ: «مەلىكە! مەلىكە!!»

بۇ بىزنىڭ يېرىم مەلىكىنى تېخىمۇ شادلاندۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ تېز مېڭىپتۇ. قانچە قېتىملاپ يىقىلغان، تېخى چىكىسى يېرىلىپ قانىغان بولسىمۇ، سەزمەستىن مېڭىۋېرىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەمدىكى پۈتكۈل ئوي ـ پىكرى مەھەللىگە تېزرەك يېتىپ بېرىپ خىرۇستال كەشنى دوستلىرىغا، بەلكى پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە كۆرسىتىش، ماختاشلارنى ئاڭلاش، ئاندىن ئۆزىنىڭ يېرىم مەلىكە بولغانلىقىنى جاكارلاش ئىكەن.

ئۇ كېتىۋېتىپ بار ئاۋازى بىلەن: «مەن يېرىم مەلىكە، مەن يېرىم مەلىكە» دەپ توۋلاپ مېڭىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئارزۇسى قاناتلىنىپ ئۇنىڭ يېرىم مەلىكە بولغانلىقىنى ئالەمگە نامايان قىلىش ئىستىكىدە ئۇچماقتا ئىكەن. راست، ئۇنىڭ يېرىم مەلىكە بولغىنى يالغۇز ئۆز يۇرت ئەھلى بىلگەنگە كۇپايە قىلمايدۇ، دە.

تۇن ئاسمىنىدىن تۇيۇقسىز: «قاراڭلار، ئاۋۇ يېرىم مەلىكىگە. ھا! ھا! ھى! ئۇ بىر ساراڭ بولسا كېرەك» دېگەن سادا كەپتۇ.

ئايقىز ئاسمانغا قاراپتۇ. ئەسلىدە ھىلال ئاي نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا گەپ قىلىۋاتقانىكەن. يۇلتۇزلار بولسا مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ قاراۋاتقان ئىكەن.

لېكىن بۇ «يېرىم مەلىكىمىز» نىڭ قۇلىقى ھىلال ئاينىڭ «قاراڭلار ئاۋۇ مەلىكىگە» دېگەن يېرىمىنىلا ئاڭلىغان، يەنە كېلىپ بەكمۇ تونرا چۈشىنىپ ئاڭلىغان بولغاچ تېخىمۇ كېرىلىپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىپتۇ ـ دە، تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلاپتۇ: «مەن يېرىم مەلىكە، مەن يېرىم...»

لېكىن دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز يۇتى يەنە مايماق كېتىپ، خىرۇستال كەش سىيلىنىپ كېتىپتۇ. لېكىن كەش جايىدا تۇرماي ئالدىغا مېڭىپ كېتىپتۇ.

ئايقىز چۆچۈپ كېتىپ: «ۋاي مېنىڭ خىرۇستال كەشىم، توختا» دەپ توۋلىغىنىچە ئارقىدىن قوغلاۋېرىپتۇ. پۇتلىرى قىرلىق تاشلار تەرىپىدىن تىلىنىپتۇ، يەنە قانچە قېتىملاپ يىقىلىپتۇ. ئەمما ئۇ قوغلاشنى توختاتماپتۇ. خىرۇستال كەشمۇ توختاۋ بەرمەي قېچىۋېرىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار قوغلىشىپ بىر تاغ باغرىغا يېتىپتۇ. خىرۇستال كەش ئەمدى تاغ چوققىسىغا ئۆرلەپتۇ. ئايقىزمۇ جان جەھلى بىلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تاغقا يامىشىپتۇ. تاغ چوققىسىغىمۇ يېتىپتۇ. شۇ يەردە خىرۇستال كەشنى تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، پۇتىغا كىيىۋاپتۇ. بىراق ئورنىدىن تۇرۇپلا غارت قىلىپ تېيىلىپ تاغ كەينىگە سىيرىلىپ كېتىپتۇ. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى توختىتالماي سىيرىلىپ كېتىۋېرىپتۇ. پەسكە قارىسا: ۋاھ، قاپقاراڭغۇ گۆردەك تېگى يوق ھاڭ ئىكەن ئەمەسمۇ، ۋاي قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟

شۇ چاغ ئايقىز قورقۇنچ ئىلكىدە قولىغا ئۇرۇنغانلا بىر نېمىنى

مەھكەم تۇتۇپ ئېسىلىۋاپتۇ. ئۇ نېمىدۇ، ھە، ئەسلىي ئۇ بىر تانا ئىكەن، تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى تاغ چوققىسىدا قاچاندۇر پەيدا بولۇپ قالغان دوستلىرى تارتىۋېتىپتۇ، بىراق ئۇ ئەمدىلا بىر غۇلاچتەك يۇقىرى ئۆرلىگەندە بولسا بىردىنلا پۇتىدىكى خىرۇستال كەشى تۇگمەن تېشىدەك ئېغىرلاپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۇنى تۆۋەنگە تارتىپتۇ، دوستلىرىمۇ بار كۈچى بىلەن تارتىپتۇ، خىرۇستال كەشنى سېلىپ تاشلاش بولسا ئۇنىڭ يادىغىمۇ كىرىپ چىقماپتۇ.

ئاخىرى خىرۇستال كەش بارغانسېرى ئېغىرلاپ تانا ئۈزۈلۈپتۇ ـ دە، ئايقىز تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. چۈشۈپ كېتىۋېتىپ بار ئاۋازى بىلەن تووۋلاپتۇ: «قۇتقۇزۇڭلار!...»

شۇ چاغ ئۇنى بىرى تۇرتۇپتۇ. قۇلاق تۈۋىدە بولسا: «ئايقىز، ئايقىز، كۆزۈڭنى ئاچ» دېگەن سادا ياڭراپتۇ.

ئۇ كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئەمدى ئۆزىنى ھاڭ ئىچىدە ئەمەس بەلكى مومايىنىڭ ئالدىدا، دوستلىرى ئارىسىدا كۆرۈپ ئىختىيارسىز:

ــ خۇداغا شۈكۈر، ــ دەپتۇ پىچىرلاپ ــ ھەر نېمە بولسا چۈشۈم ئىكەن، قورقۇپ جېنىم چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانتى.

ــ قارا بېسىپتۇ، دە، ــ دەپتۇ قىزلار كۈلۈشۈپ.

ــ شۇنداق بولدى، ــ دەپتۇ ئايقىز خورسىنىپ، ــ بىراق كۆرگەن چۈشۈمنىڭ دەسلىپى ناھايىتى پەيزى بولغانتى.

ــ ئەمدى ئۆيۈڭلارغا قايتىڭلار، ــ دەپتۇ موماي قىزلارغا، ــ

ئۇخلايدىغان ۋاقىتلار بولدى، — چۈنكى ئۇنىڭ چۆچەكنى ئاياغلاشقان ئىكەن، بىراق بىزنىڭ بۇ چۆچەك تېخى ئاياغلاشمىدى - دە.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئايقىز ئولتۇرسا، قوپسا چۈشىدە ئېرىشكەن خىرۇستال كەشنىلا ئويلايدىغان، شېرىن خىياللارغا چۆمىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئەمما ھېلىقى قورقۇنچلۇق تېگى يوق ھاڭ ئېسىگە كېلىپ قالسىلا سوغۇق تەرگە چۆمۈپ، بۇ خىل ئوي - پىكىردىن ئۈمىدلىنىپمۇ قالىدىكەن. كۆپ ئۆتمەيلا خىرۇستال كەش كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ ۋالىلداپ چاقناشقا باشلىغاندا بولسا شېرىن خىياللىرى يەنە قايتىدىن باشلىنىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ يالغۇز كېتىۋېتىپ بىر پاكار تاغ باغرىغا يېتىپتۇ. تاغ ئۈستىگىمۇ چىقىپتۇ. شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆزى يىراقتىكى تاغ چوققىسىدا چاقناپ تۇرغان بىر نەرسىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ گويا قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ نۇرلىنىپ تۇرغان خىرۇستال كەشتەكلا ئىكەن. ئايقىز خۇشال بولۇپ تاغ چوققىسىدىن يۇگۇرۇپ دېگۈدەك چۈشۈپتۇ. بىراق ئۆزىنى توختىتالماي تاغ باغرىدىكى بىر چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئازگالدا ئادەم ئۈستىخانلىرى بىلەن ياسالغان بىر كەپە بار ئىكەن. كەپىدىن بىر كىچىك ئالۋاستى چىقىپ:

— ۋاي بىچارە، بۇ يەرگە نېمىشقا چۈشتۇڭ، ئەگەر قورسىقىم توق بولمىغان بولسا زىلۋا نازۇك بەدەنلىرىڭنى

قورسىقىمغا بەند قىلاتتىم. بىراق قورسىقىم توق چاغدا ھەرقانچە ئېسىل تائام بولسىمۇ يېمەيدىغان ئادىتىم بار. چۈنكى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن بەك كىچىك، جىق بىر نەرسە يېۋالسام قورسىقىم يېرىلىپ كېتىدۇ.

— ئەمىسە، ئازگالدىن چىقىۋېلىشىمغا ياردەم قىلىڭ، — دەپتۇ ئايىقىز يىغلامسىراپ، — مەن ئۆزۈم چىقىپ كېتەلمەيدىغاندەك قىلىمەن، قورسىقىڭىز ئاچ ۋاقتىدا كېلىپ قالسام يەۋېتەرسىز.

— بىكاردىن ـ بىكار چىقىرىپ قويامدىمەن، — دەپتۇ ئالۋاستى كۈلۈپ كېتىپ، — ئاۋۋال ماڭا ئىش قىلىپ بەر، ئاندىن ساڭا ياردەم قىلىپ چىقىرىپ قويۇش ـ قويماسلىقنى ئويلىشىپ باقاي.

— ماقۇل، — دەپتۇ ئايىقىز، — قىلىدىغان ئىشىمنى ئېيتىپ بېرىڭ.

— بۇ كەپىنى كۆرۈۋاتامسەن، — دەپتۇ ئالۋاستى، — ئۇ مېنىڭ ئۆيۈم، مەن ئۆيۈمنىڭ پاكىز، رەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بۇ ئاسانلا بىر ئىش، — دەپتۇ ئايىقىز.

ئۇ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆي ئىچى ئەخلەتكە تولغان، تاملىرى ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن پەردىلەنگەن، قازان ـ قومۇچ، يوتقان ـ كۆرپىلەر قالايمىقان تاشلانغان ۋە كىر ـ قاسماق ئىكەن.

ئايقىز ئاۋۋال ئۆمۈچۈك تورلىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ. ئاندىن ئوت - گىياھلاردىن سۈپۈرگە ياساپ ئۆينى پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلاپتۇ، قازان - قومۇچنى جايى - جايىغا رەتلىك قويۇپتۇ. يوتقان - كۆرپىلەرنى يىغىپتۇ. لېكىن بۇلارنى يۇيۇپمۇ بەرگۈسى كېلىپ ئالۋاستىغا دەپتۇ:

— يوتقان - كۆرپىلىرىڭنى يۇيۇپ بېرەي دېگەنتىم، بىراق بۇ ماكانىڭدا سۇ يوق ئىكەن، ئازگالدىن چىقىرىپ قويساڭ ئۆستەڭدە يۇيۇپ ئەكىلىپ بېرەتتىم.

ئۆينىڭ بەكمۇ پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ قالغىنىدىن شادلانغان ئالۋاستى دەرھال ماقۇل بوپتۇ. بىراق يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ:

— قورسىقىم تېز ئاچىدۇ، ئۇ چاغدا كېلىپ قالساڭ سېنى يەپ قويىمەن، شۇڭا تېزرەك يېتىپ كەل.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر پۈۋلەپلا يوتقان - كۆرپىسى بىلەن ئايقىزنى ئازگال لېۋىگە ئۇچۇرۇپ چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئايقىز تاغ ئېتىكىنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان كىچىك ئېقىن يېنىغا بېرىپ يوتقان - كۆرپىلەرنى سوكۇپ يۇيۇپتۇ، لېكىن قۇرۇتۇپ قايتا تىكىپ بولغىچە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئايقىز: «يوتقان - كۆرپىنى ئالۋاستىغا چوقۇم ئاپىرىپ بېرىشىم كېرەك» دەپتۇ - دە، يۈگۈرگىنىچە ئازگال لېۋىگە بېرىپتۇ. ئالۋاستى ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانىكەن. ئايقىز يوتقان - كۆرپىنى «ئال مانا» دەپ تاشلاپ بېرىپلا كەينىگە قېچىپتۇ. چۈنكى ئۇ ئالۋاستىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچ پەيتى بولۇپ

قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىكەن.

لېكىن ئالۋاستى ئازگالدىن ئۆچۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ ـ دە:

— توختاپ تۇر، — دەپتۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، هازىر قورسىقىم تازا ئاچ ۋاقىت بولسىمۇ سېنى يېمەسلىكنى قارار قىلدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەك ئاق كۆڭۈل ئىكەنسەن. خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسامۇ يەنىلا يوتقان ـ كۆرپەمنى ئېلىپ قاچماي ئەكىلىپ بەردىڭ، ئەمدى قورقما، بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىپ قالغانلىقىڭنى بايان قىلغىن، مەنمۇ ساڭا بىر ياخشىلىق قىلاي.

— مەن ئاۋۇ تاغ چوققىسىدىكى خىرۇستال كەشنى ئالغىلى ماڭغان، — دەپتۇ ئايقىز، — چۈنكى «خىرۇستال كەش مەلىكىگىلا خاس» دەپ ئاڭلىغانتىم، مېنىڭ خىرۇستال كەش كىيىپ مەلىكە بولغۇم بار ئىدى.

— ۋاي هاماقەت، — دەپتۇ ئالۋاستى قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئۇ تاغ چوققىسىدا كۆرۈنگىنى خىرۇستال كەش ئەمەس، بەلكى بىر كىچىك مۇزلۇق، قۇياش نۇرىدا چاقناپ يىراقتىن كۆزۈڭگە شۇنداق كۆرۈنگەن گەپ.

— ئەمىسە، مەن قايتىپ كېتەي، — دەپتۇ ئايقىز خىجىل بولۇپ.

— بىراق يولنىغۇ ئانچە خاتا ماڭمىدىڭ، — دەپتۇ ئالۋاستى يەنە، — مەندە بىر تال خىرۇستال كەش بار، ئۇنى ساڭا

بىرنۋېتەي، ساڭا نەسىھەتىم، ئۇنى چىڭ ساقلا، يوچۇن كىشىلەرگە بېرىپ قويما ھەم بىھۇدە ئوي ـ خىياللاردىمۇ بولما، مەلىكە بولۇشنىڭ چوڭ ئەھمىيىتىمۇ يوق، خىرۇستال كەشكە ئىگە بولغىنىڭ بىلەنمۇ مەلىكە بولالمايسەن. خىرۇستال كەشنى مەلىكىلەرگىلا خاس دېيىشكە بولمايدۇ. پۈلى كۆپلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى سېتىۋېلىپ كىيسە بولىۋېرىدۇ. ياخشى خۇلقۇڭ، ئېسىل پەزىلىتىڭ بولسىلا مەلىكە بولمىساڭمۇ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايسەن.

ئايقىز تەشەككۇر ئېيتىپ خىرۇستال كەشنىمۇ ئالماي كەتمەكچى بوپتۇ. چۈنكى ئالۋاستىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئىكەن.

— خىرۇستال كەشنى ئېلىۋال — دەپتۇ ئالۋاستى، — ئۇ ساڭا مەندىن خاتىرە بولۇپ قالسۇن. يەنە بىر پاينىمۇ تېپىۋېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر راستتىنلا يەنە بىرىنىمۇ تېپىۋېلىپ قالساڭ ئېسىڭدە بولسۇنكى، قايتىپ كېلىپ مېنىمۇ بۇ خۇشاللىقتىن بەھرىمەن قىل. ئەمما يەنىلا قورسىقىم ئاچ چاغدا كېلىپ قالما.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ ئازگالدىن ئۆزى يوشۇرۇپ ساقلىغان بىر پاي خىرۇستال كەشنى ئەچىقىپ بېرىپتۇ. ئايقىز خۇشاللىق بىلەن ئۇنى قوبۇل قىپتۇ ۋە:

— يەنە بىر پاينى قەيەردىن تاپقىلى بولار، ئۇ بىر جۈپ بولسا بەك ياخشى بولاتتى، — دەپ سوراپتۇ ئالۋاستىدىن.



— ئۇ خىسلەتلىك كەش، خالىسا سېنى ئۆز جۈپتى قېشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئاۋۋال كىيىپ باق، — دەپتۇ ئالۋاستى.

ئايقىز خىرۇستال كەشنى كىيىپتۇ. كەش ئۇنىڭ پۇتىغا لايىق ئۆلچەپ ياسىغاندەك دەل كەپتۇ. بىراق كەشنى ئۇ كىيىشى بىلەنلا ئۇنى توختىماي سەكرىتىپ - سەكرىتىپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى ئاجايىپ چىرايلىق ئەتىرگۈلزارلىققا بارغاندا توختاپتۇ.

بۇ گۈلزارلىقتا ئاق، قىزىل، كۆك، سېرىق ۋە شاپتۇل چېچەكلىك رەڭلىك ئەتىرگۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان، تاۋاقتەك - تاۋاقتەك گۈل چىنىلىرىدىن ئاجايىپ ئېسىل خۇش پۇراقلار چېچىلىپ تۇرغان ئىكەن.

— پاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق ۋە خۇش پۇراق ئەتىرگۈللەر - ھە! — دەپتۇ ئايقىز چەكسىز سۆيۈنۈپ.

شۇ چاغ ئۇنىڭ كەينىدىن ھېلىقى ئالۋاستى ئۇچۇپ كېلىپ:

— ئەمدى خالىساڭ يەنە خىرۇستال كەش سېنى بىر ئاجايىپ ماكانغا ئېلىپ بارىدۇ. بارغىچە بىر ئاز جاپا تارتىسەن، خەتەرگە يولۇقىسەن، پەقەت پۇشايمان قىلمىساڭلا مەنزىلگە ساق - سالامەت يېتىسەن. ئۇ يەردە نېمىنى خالىساڭ شۇ تىلىكىڭگە يېتىسەن، ھەتتا مەلىكە بولۇش ئارزۇيۇڭمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دەپتۇ ئۇنىڭغا.

— ھازىر ئۆيگە قايتىپ كېتىشتىن باشقا ھېچنېمىنى خالىمايمەن، — دەپتۇ ئايقىز، — پەقەت مۇشۇ ئەتىرگۈللەردىن

بىر دەستە ئەكسەتە لسەملا بولدى، ئۇنى دوستلىرىمغا تارقىتىپ بەرسەملا بولدى، شۇنداق قىلسام ئۇلار بەكمۇ خۇشال بولۇشىدۇ، مەلىكە بولۇش ئارزۇسى مەندىن ئاللىبۇرۇن يوقالدى.

— ئۇنداق دېمە، — دەپتۇ ئالۋاستى، — خىرۇستال كەش ئېلىپ بارىدىغان ئۇ جاي بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان جاي، بارساڭ بارغىنىڭغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايسەن، مەنمۇ بىر بېرىپ كېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ماقۇل ئەمىسە، — دەپتۇ ئايقىز، — مەن بېرىپ كېلەي.

— بۇ ئەتىرگۈللەردىن بىر سېۋەت ئېلىۋال، — دەپتۇ ئالۋاستى يەنە بىر ئالتۇن گۈل سېۋىتى بېرىپ، — بارغان يېرىڭدە لازىم بولىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى يولدا ھەرقانچە خەتەرگە يولۇقساڭمۇ پۇشايمان قىلما، غەيرەتلىك بول، ھېچنېمە بولمايسەن، ئاندىن يەنە بىر پاي خىرۇستال كەشكە ئېرىشىپ قالساڭ ھېچكىمگە بەرمەي ئېلىپ كەل، بۇ ھەقتە ماڭا ۋەدە بېرەلەمسەن؟

— ۋەدە بېرەلەيمەن، — دەپتۇ ئايقىز، — خاتىرجەم بول.

ئالۋاستى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل رەڭلىك ئەتىرگۈلدىن بىر جۈپ ئۈزۈپ بېرىپتۇ. ئايقىز بۇ گۈللەرنى چىرايلىق ئالتۇن سېۋەتكە سېپتۇ. شۇ ھامان خىرۇستال كەش ئۇنى يەنە بىر تەرەپكە ئېلىپ كېتىپتۇ.

قانچىلىك يول ماڭغىنى نامەلۇم. ئادەمزات تۇگۈل، بىرەر جانىۋارمۇ كۆرۈنمەيدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ۋەھىملىك بىر

جايغا يېتىپتۇ. بۇ يەردە كۆپ يورمەيلا يەنە ئالدىغا تېگى يوقتەك قاراڭغۇ هاڭ يولۇقۇپتۇ. قولاق تۇۋىدە: «ئەمدى ئالغا ئىلگىرىلەيمەن دېمە، بولمىسا هاڭغا ئۆمۈرلۈك مېهمان بولىسەن» دېگەن يىرگىنچلىك سادا جاراڭلاپتۇ. بىراق ئايقىز تۆت ئەتراپقا تەكشى قاراپمۇ هېچبىر ئىنس ـ جىننى كۆرمەپتۇ. شۇ چاغ بىردىنلا ئېسىگە ئالۋاستىنىڭ تاپىلىغانلىرى كەپتۇ. ئەمدى ئۇ تەمتىرىمەي ئالغا ئىنتىلىپتۇ، هاڭدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىش ئۈمىدىدە بوپتۇ. شۇ هامان خىرۇستال كەش غۇي قىلىپلا ئۇچۇرۇپ ئۇنى هاڭدىن ئۆتكۈزۈپ كېتىپتۇ.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا ئايقىز يەنە ئاسمان ـ پەلەك يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت بەلبېغىغا دۇچ كەپتۇ. شۇ هامان قولاق تۇۋىدە يەنە: «كەينىڭگە قايت، كۆيۈپ كۈل بولۇشتىن ساقلىنىپ قالىسەن» دېگەن سادا ياڭراپتۇ. بىراق ئايقىز يەنىلا قايتىشنى ئويلىماپتۇ. بەلكى ئالغا ئىنتىلىپتۇ. شۇ هامان خىرۇستال كەش غۇي قىلىپلا ئۇنى ئۇچۇرۇپ ئوت بەلبېغى ئىچىدىن بىر تال چېچىنىمۇ كۆيدۈرمەي ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ كېتىپتۇ.

ئايقىز يولنى داۋام قىپتۇ. بىراق كۆپ ئۆتمەي ئالدىغا بىر دەريا يولۇقۇپتۇ، بۇ دەريا بولغاندىمۇ ئۇ چېتىنى كۆرگىلى بولمايدىغان، دەهشەتلىك دولقۇنلىرى ئاسمان ـ پەلەك ئۇقچۇپ چىقىپ كۆكتىكى بۇلۇتلارنىمۇ يالماپ كېتىۋاتقان ۋە قىنىغا پاتماي قىرغاققا هەر ئۇرۇلغانلىرىدا يەرنى تەۋرىتىپ كېتىۋاتقان بىر ئەزىم دەريا ئىكەن. ئۇ هەرقانداق شىر يۈرەك باتۇر

ئەزىمەتنىمۇ تونجى قارشىدىلا ۋەھىمىگە سالىدىكەن.

ئايقىز نېرىدىن دەرياغا قاراپ قورقۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغ ئۇنىڭ قېشىدا يەردىن ئۇنگەندەكلا بىر قېرى كەمپىر پەيدا بولۇپ:

— دەريادىن ئۆتمەن دېمە، ئاپپاق قىزىم، — دەپتۇ ئايقىزغا، — ئۆتۈش ئەمەس، يېقىنلىشىش خىيالىدىمۇ بولما، يېقىن بېرىپلا قالساڭ تۇگەشكىنىڭ شۇ، قىرغاقتا ئوقچۇپ چىققان دولقۇنلار سېنى يۇتۇپ كېتىدۇ، ئۇچۇپمۇ دەريادىن ئۆتكىلى بولمايدۇ، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، دەھشەتلىك دەريا دولقۇنلىرى كۆكتىكى بۇلۇتلارنىمۇ يالماپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇچالىغان تەقدىردىمۇ سەن ئامان قالارسەنمۇ، خىرۇستال كەشنى سېلىپ تاشلىۋەت، شۇ ھامان ئۆزۈڭنى ئۆيۈڭدە كۆرىسەن، تىنچ ـ خاتىرجەم ياشايسەن.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ ئايقىز ھېلىلا ئىككى خەتەردىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كەلگەنلىكىنى ئەسلەپ، — مەن يەنىلا خەتەرلىك بولسىمۇ ئالغا بېسىشنى خالايمەن.

شۇ ھامان خىرۇستال كەش ئۇنى يەنە ئۇچۇرۇپ مېڭىپتۇ. دەريا ئۇستىگىمۇ يېتىپتۇ. دەريادىن ئاجايىپ زور لەھەڭلەر ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنى يالماپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ. ئايقىز قورقىنىدىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋاپتۇ. قۇلاق تۈۋىدە بولسا: «ئاپپاق قىزىم، ھاياتىڭ خەۋپ ئىچىدە قالدى، سەللا كېچىكسەڭ تۇگىشىسەن، قايتىپ كەل، (قايتىمەن) دېسەڭلا بولدى، ئۆزۈڭنى

ساق ـ سالامەت ئۆز ئۆيۈڭدە كۆرۈسەن» دېگەندەك شېۋىرلاشلار ئاڭلىنىپتۇ. ئەمما ئايقىز ھەرگىز «قايتىمەن» دېمەپتۇ. ئاخىرى مۆجىزىدەكلا ساق ـ سالامەت قارشى قىرغاققا يېتىپتۇ. كۆزلىرىنى ئاچقاندا ئۆزىنى بىر گۈلچىمەنزارلىقتا كۆرۈپتۇ. ئەمدى ئۇ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بۇ گۈزەل مەنزىرىلىك جايدا يولنى داۋام قىپتۇ.

مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر ئورمانلىققا دۇچ كەپتۇ. ئورمانلىقتىنمۇ ئۆتۈپ ئاجايىپ ـ غارايىپ گىياھلار بىلەن قاشالانغان، قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان زۇمرەتتەك بىر كۆل بويىغا چىقىپتۇ. كۆل ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك ئارال ۋە ئارالدا كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك بىر كىچىك ئوردا كۆرۈنۈپتۇ.

خىرۇستال كەش يەنە ئايقىزنى ئۇچۇرۇپ ئارالغا يەتكۈزۈپتۇ. ئايقىز ئايلىنىپ ئوردا ئالدىغا كەلگەندە زۇلال چەشمە بويىدا سۇ چېچىشىپ ئوينىشىپ ئولتۇرغان ئاق كىيىملىك، قىزىل كىيىملىك، كۆك كىيىملىك، سېرىق كىيىملىك ۋە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك بەش پەرى قىزنى كۆرۈپتۇ.

— ئەسسالام ئاچىلار، — دەپتۇ ئايقىز ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ، — ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر؟

— پاھ! — دەپتۇ پەرىلەر ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، — نېمىدېگەن چىرايلىق ئەتىرگۈللەر بۇ، ئوماق قىز، ئۇنى بىزگە ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، — دەپتۇ ئايقىز گۈل سېۋىتىنى ئالدىغا قويۇپ، —

خالىغاننى تاللىۋېلىڭلار، — پەرىلەر شۇ ھامان گۈل سېۋىتىگە ئولىشىپ ھەممىسى ئۆز كېيىمىنىڭ رەڭگىدىكى ئەتىرگۈلنى تاللاپ ئېلىشىپتۇ. ئالتۇن گۈل سېۋىتى قۇرۇقدىلىپلا قاپتۇ. ئاندىن ئۇلار ئايقىزدىن سوراپتۇ:

— بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز، گۈل ئەكىلىشتە بىرەر مۇددىئايىڭىز بارمۇ؟

— بۇ يەر جەننەت مىسلى گۈزەل جاي دەپ ئاڭلاپ كۆرۈپ كەتكىلى كەلگەنتىم، — دەپتۇ ئايقىز، — گۈللىرىم سىلەرگە يارىغانچۇن بەكمۇ خۇرسەنمەن، گۈل ئەكىلىشتە بىرەر مۇددىئايىم يوق.

— بىز گۈلنى بولۇپمۇ مۇشۇ ئەتىرگۈلنى بەك ياخشى كۆرىمىز، — دەپتۇ بەزىلەر، — سىز ئەتىرگۈل ئەكىلىپ بىزنى بەكمۇ خۇش قىلدىڭىز، شۇڭا سىزنىمۇ قۇرۇق قايتۇرمايلى، نېمە تىلىكىڭىز بولسا ئېيتىڭ، تولۇق ئورۇندايمىز.

— ئۆيۈمگە ساق - سالامەت كېتەلىسەملا بولدى، — دەپتۇ ئايقىز، — باشقا تىلىكىم يوق.

— سىز بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ياخشى قىز ئىكەنسىز، — دەپتۇ ئاق كىيىملىك پەرىزات، — مەن سىزنىڭ تېخىمۇ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن. شۇ چاغدا ھەممە كىشىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ياخشى كۆرۈشكە ئىگە بولىسىز.

— سىز بەكمۇ چىۋەر، ئىشچاندەك كۆرۈنىسىز، — دەپتۇ قىزىل كىيىملىك پەرىزات، — مەن سىزنىڭ نەپىس قول -

ھۆنەر سەنئەت ماھارىتىگە ئىگە بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن. شۇ چاغدىلا تۇرمۇشىڭىزنى قىينالماي بەختلىك ئۆتكۈزەلەيسىز.

— سىز بەكمۇ زىلۋا - نازۇك ئىكەنسىز، — دەپتۇ سېرىق كىيىملىك پەرىزات، — مەن سىزنىڭ ساغلام بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن، چۈنكى ساغلاملىق ئەڭ چوڭ بايلىق.

— سىز بەكمۇ يېقىملىق ئىكەنسىز، — دەپتۇ كۆك كىيىملىك پەرىزات، — مەن سىزنىڭ ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل ماھارىتىدە كامالەتكە يېتىشىڭىزنى تىلەيمەن. بۇ سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا ھەرۋاقىت شاد - خۇراملىق بېغىشلىغۇسى.

— سىز بەكمۇ چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، — دەپتۇ شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك كىيىم - كېچەك كىيگەن پەرىزات، — مەن سىزنىڭ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇشىڭىزنى، باسقان ئىزىڭىزدىن گۈل ئۈنۈپ، كۈلسىڭىز ئالتۇن تەڭگە، يىغلىسىڭىز ئۈنچە - مەرۋايىت تۆكۈلۈشىنى تىلەيمەن. بۇ سىزنىڭ بەختىڭىزنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاي.

ئايقىز ئۇلارغا چەكسىز خۇرسەنلىك بىلەن تەشەككۇر ئېيتىپ ئۆيىگە يانماقچى بوپتۇ. شۇ چاغ ئۇنىڭ بىر پايلا خىرۇستال كەش كىيىۋالغانلىقىنى سەزگەن پەرىزاتلار قەسىر ئىچىدىن يەنە بىر پاي خىرۇستال كەش ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا سوۋغا قىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ئوبدان ساقلىمىز. بۇنى ئاۋۇ بىر پاي خىرۇستال كەشىڭىزگە جۈپلىۋېلىڭ. بۇ قاچانلاردىدۇر قولىمىزغا چۈشۈپ

قالغانىدى. ئەسلىدە سىز چۈشۈرۈپ قويغان بولسىڭىز كېرەك، كېيىن ئۆزىڭىزگىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىر جۈپكە ئىگە بولۇشىڭىزنى تىلەيمىز.

ئايقىز پەرىزاتلارغا قايتا ـ قايتا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ ۋە بىر پاي كەشنى ئۆزى چۈشۈرۈپ قويمىغانلىقىنى، پۈتىدىكىنىمۇ باشقىلار سوۋغا قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ پەرىلەر خىرۇستال كەشنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ راستچىل، سەمىمىيلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئايقىز يەنە بىر پاي كەشكە ئېرىشكەندىن كېيىن پەرىلەر بىلەن خوشلىشىپ يېنىپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا مېڭىش كەتمەپتۇ. چۈنكى پۇتلىرىدىكى خىرۇستال كەشلەر ئۇنى ئاسماندا ئۇچۇرۇپ مېڭىپتۇ. ھېلىقى دەريادىنمۇ ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان ھېلىقى كەمپىر ئۇنى چاقىرىپ:

ــ قارىغىنە ئاپپاق قىز، ــ دەپتۇ ھىجىيىپ، ــ مەن ساڭا بىر تىللا خالتىسى بېرەي، ئىچىدىن قانچىلىك تىللا ئالىمەن دېسەڭ شۇنچىلىك ئالىسەن، ئىشەنمىسەڭ سىناپ باق. مانا قارا، ــ ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ قولىدىكى ئەسكى خالتىنى دۈم قىلغانىكەن ئىچىدىن توختىماي تىللا تۆكۈلۈپ تېزلا بىر دۆۋە تىللا بوپتۇ. لېكىن ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، ــ بۇ خالتىغا پۇتلىرىڭدىكى خىرۇستال كەشنى تېگىشەيلىچۇ، دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا باي بولۇپ كېتىسەن. بىر جۈپ ئەمەس، بىر نەچچە جۈپ خىرۇستال كەشكە، ھەتتا خىرۇستال ئۆيگىمۇ ئېرىشىسەن، تېز بول، خىرۇستال

كەشلىرىڭنى ماڭا بېرىپ بۇ خالتىنى ئېلىپ كەت.
ــ بولمايدۇ، ــ دەپتۇ ئايقىز ئالۋاستىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلەپ.
شۇ هامان خىرۇستال كەشلەر ئۇنى ئۇچۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئوت بەلبېغىدىنمۇ ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاندا هېلىقى كەمپىر يەنە هازىر بولۇپ تۇرغانىكەن، ئېخى قېشىدا كۆزىنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئېسىل گۆھەر تاشلار، ئۇنچە ـ مەرۋايىت، لەئلى ـ جاۋھىر، ياقۇت ۋە زۇمرەت ... لىق تولغان بىر كوزىمۇ بار ئىكەن.
ــ قارىغىنە قىزىم، ــ دەپتۇ هېلىقى كەمپىر ئايقىزنى توختىتىپ، ــ نېمىدېگەن ئېسىل گۆھەرلەر ـ ھە، بۇ گۆھەر كوزىسىدىن بۇنداق گۆھەرلەرنى قانچىلىك ئالسەڭ دېسەڭ شۇنچىلىك چىقىدۇ، ھەرگىز تۈگىمەيدۇ، بەلكى ئالغانسېرى تېخىمۇ سەرخىل، تېخىمۇ كۆركەملىرى چىقىدۇ. بۇ گۆھەر كوزىسىنى خىرۇستال كەشلىرىڭگە تېگىشەيلىچۇ. ئىشەنمىسەڭ مانا قارا، ــ ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ كوزىنى دۈم كۆمتۈرۈپ تۆتقان ئىكەن شارىلداپ گۆھەر تاشلار تۆكۈلۈپ تېزلا بىر دۆۋە بوپتۇ. لېكىن تۆكۈلۈشى زادىلا توختىماپتۇ. بەلكى تېخىمۇ ئېسىللىرى تۆكۈلۈپتۇ.
ــ بولمايدۇ، ــ دەپتۇ ئايقىز يەنە ئالۋاستىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلەپ.
خىرۇستال كەشلەر شۇ هامان يەنە ئۇنى ئۇچۇرتۇپ كېتىپتۇ. تۆۋى يوق هاڭدىنمۇ ئۆتۈپتۇ. ئاندا كەمپىر يەنە هازىر بولۇپ

تۇرغانىكەن، قېشىدا تېخى كوزا بىلەن خالتا ۋە چوڭ بىر دۆۋە گۆھەر تاش بىلەن بىر دۆۋە تىللامۇ بار ئىكەن.

— قارىغىنە قىزىم، — دەپتۇ كەمپىر يەنە ئايقىزنى توختىتىپ، — شۇنچە كۆپ بايلىققا يەنى گۆھەر كوزىسى بىلەن تىللا خالتىسىغا خىرۇستال كەشلىرىڭنى تېگىشەي دېمەن، رازى بولمىساڭ يەنە سورايدىغىنىڭ بولسا سورا، ھەممىنى بېرىمەن. سەندىن كېتىدىغىنى پەقەت شۇ خىرۇستال كەشلىگۇ، ئەگەر قاتتىقراق دەسسەپ سالساڭ ياكى دىققەتسىزلىكىڭدىن بىرەر تاشقا تەگكۈزۈپ سالساڭ چۇل - چۇل بولۇپ چېقىلىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلىپ ئاچچىق يۇتۇپ قالىسەن. بول ئەقىللىق قىزىم، ئۇنى ماڭا بەر، بۇ بايلىققا ئىگە بولىسەن، پادىشاھلاردەك شۆھرەت ۋە راھەتكە ئېرىشىسەن.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ يەنىلا ئايقىز ئالۋاستىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلەپ.

— ھۇ بەغەرەز، — دەپتۇ ئەمدى كەمپىر كۆزلىرىدىن شۇملۇق ياغدۇرۇپ، — ئەمدى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتەيچۇ.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئايقىزنى تۇتۇشقا ئاردەك قوللىرىنى سوزۇپتۇ، بىراق خىرۇستال كەشلەر ئايقىزنى تۇتتۇرماپتۇ. كەمپىرنىڭ قولى بولسا يىلاندەك ئۈزىراپ كېلىۋېرىپتۇ. تۇتۇۋالاي دېگەندە بولسا خىرۇستال كەشلەردىن چاقماقتەك نۇر چاقناپ ئۇنىڭ قولىنى كۆيدۈرۈپ كۆسەيدەك قىلىپ قويۇپتۇ. ئايقىز ئەمدى خەتەردىن قۇتۇلۇپتۇ ۋە يىراقتىن كەمپىرنىڭ

قېشىدىكى گۆھەر تاشلار ئادەتتىكى تاشلارغا، تىللالارنىڭ تېزەككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئاخىرى ئايقىز ئالۋاستىنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە ئالۋاستى ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرغانىكەن.

— مانا خىرۇستال كەشلەر، — دەپتۇ ئايقىز كەشلەرنى سىلىپ.

— ماڭا بېرىۋەتكىنە، — دەپتۇ ئالۋاستى، — مەن ئۇنىڭغا بەك ئېھتىياجلىق.

— ئۇنداق قىلما — دەپتۇ قېرى كەمپىر يەنە ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپ، — ئۇنى بېرىۋەتسەڭ مەلىكە بولالمايسەن، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن.

— ئەمدى مەلىكە بولۇشنى، بىرەر نەرسىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەتمەيمەن، — دەپتۇ ئايقىز، — ئۇ ماڭا ياخشىلىق قىلغان، مەنمۇ ئەلۋەتتە ياخشىلىق قايتۇرۇشۇم كېرەك.

شۇنداق دەۋېتىپ خىرۇستال كەشلەرنى ئالۋاستىغا سۇنۇپتۇ. كەمپىر يەنە ئەسلىگە كېلىپ قالغان كۆسەيدەك قوللىرىنى سوزۇپ خىرۇستال كەشلەرنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. بىراق ئۈلگۈرەلمەپتۇ. كىچىك ئالۋاستى ئۇنىڭدىن چاققان كېلىپ خىرۇستال كەشلەرنى ئېلىۋاپتۇ ـ دە، كۈچ بىلەن بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپتۇ. خىرۇستال كەشلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ئوتلار چاقناپ، كەمپىرنىڭ بەدىنىگە ئوت تۇتىشىپتۇ، كىچىك ئالۋاستى خرۇستال كەشلەرنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن بىر ـ بىرىگە

ئۇرۇپتۇ. ئۇچىنچى قېتىمدا كەشلەر تاغ ـ دالىنى لەرزىگە سېلىپ جاراڭلاپ چۆل ـ چۆل بولۇپ چېقىلىپتۇ. شۇ ھامان كەمپىرمۇ ئوت ئىچىدە قان قۇسۇپ، ئاھۇ پەرياد قىلغانچە جان بېرىپتۇ. تېنى تېزلا كۆيۈپ كۈل بوپتۇ.

ــ ئاھ! بەكمۇ رەھىمسىز ئىكەنسىز، ــ دەپتۇ ئايقىز ۋەھىمە ئىچىدە ئالۋاستىغا قاراپ، ــ ئۇنىڭ جېنىغا بىكاردىن ـ بىكار زامىن بولدىڭىز. بۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسام ھەرگىز خىرۇستال كەشلەرنى سىزگە بەرمەس ئىدىم.

ــ ئۇنىڭغا ھەق جازا بېرىلدى. ئۇ ئەمدى قالغان ئۆمرىنى جەھەننەمدە ئۆتكۈزسۇن. بەلكى قىيامەتكىچە شۇنداق يۇرسۇن، ــ دەپتۇ ئالۋاستى خۇشاللىق بىلەن، ــ سەن بىلمەيسەن، ئۇ بىر ئېزىتقۇ جادۇگەر، نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا باللارنى ئازدۇرۇپ سەن يول ئۇستىدە كۆرگەن ھاڭ لېۋىگە ئېلىپ بارغان ۋە شۇ يەردىن ھاڭغا تاشلاپ ئۆلتۇرۇپ، گۆشىنى ھېلىقى ئوت بەلبېغىدا پىشۇرۇپ يەۋەتكەن. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلىدە باشقىلارنى ئازدۇرۇشتىن باشقا كۈچ ـ قۇدرىتى يوق ياكى سېھرىي كارامىتى يوق. ئۇ مېنىمۇ ئازدۇرۇپ نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدۇرغان، شۇڭا ئۇنى بەك يامان كۆرىمەن، بىلەمسەن بۇ خىرۇستال كەشلەر ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ، مەن ئۇچۇنمۇ بەك مۇھىم خاسىيەتلىك كەشلەر ئىدى. ئۇنى ماڭا بەرمىگەن بولساڭ بۇ ئېزىتقۇ كەمپىرنى يوقىتالمايتتىم، ساڭا كۆپ رەھمەت.

ــ بۇ كەشلەرنىڭ ئادەمنى ئۇچۇرۇپ مېڭىشتىن باشقا

خاسىيىتىمۇ بارمىدى؟ ــ دەپتۇ ئايقىز ئالۋاستىغا تىكىلىپ.

ــ بار، ــ دەپتۇ ئالزاستى، ــ ئۇ مېنىڭ ۋە كەمپىرنىڭ جېنى بەند قىلىنغان كەشلەر ئىدى. ئادەتتە ئۇ ئىگىسىنىڭلا رايىغا باقىدۇ، شۇڭا كەمپىر ئۇنىڭغا ئۆزى يالغۇز ئىگە بولۇۋېلىپ ئىلگىرى مېنى كۆپ يامان ئىشلارغا سالغان، ئاخىرى بىر پۇرسەتتە مەن ئۇ كەشلەرنى تىقىپ قويغان يېرىدىن ئېلىپ قاچتىم. كەمپىر قوغلىدى. بىر پاي كەش چۇشۇپمۇ قالدى. مەن قېچىپ قۇتۇلدۇم. ھېلىقى چۇشۇپ قالغىنىنى پەرىلەر تېپىۋالغانىكەن، ئائىدىغا باراي دېسەم قورقتۇم. چۈنكى ئۇلار ئالۋاستىنى بەك يامان كۆرەتتى. ئاخىرى ساڭا يولۇقتۇم، ئاق كۆڭۈل ياخشى قىز ئىكەنلىكىڭنى سېزىپ خىرۇستال كەشنى ئەكىلىشكە سېنى ئەۋەتتىم. ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، قېرى كەمپىرنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغىمۇ پىسەنت قىلماي كەشلەرنى ماڭا ئەكىلىپ بەردىڭ، ئەگەر كەشلەرنى ئۇنىڭغا بېرىپلا قويغان بولساڭ ھەرگىز ئامان كېلەلمەيتتىڭ. ئەمدى قايتساڭ بولىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى تويۇڭ بولغاندا ساڭا بىر جۈپ خىرۇستال كەش سوۋغا قىلىمەن. بايىقى كەشلەرنى چېقىپ تاشلىغىنىم ئۈچۈن ھەرگىز ئۆكۈنمە.

ــ ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن، ــ دەپتۇ ئايقىز، ــ بىراق ئەمدى ئادەم يېمەسلىكىڭنى، ئەسكى ئىش قىلماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن!

ــ خاتىرجەم بول، ــ دەپتۇ ئالۋاستى كۈلۈپ كېتىپ، ــ

يامانلىقنى كەسىپ قىلغۇچى هامان ئىزىتقۇ كەمپىرگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قېلىپ جاجىسىنى يەيدۇ. مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىمەن. ئەمدى ئادەم تۇگۇل، بىرەر جان ـ جانىۋارغىمۇ ئازار بەرمەيمەن.

ئايقىز خوشلىشىپ ئۆيىگە يېنىپتۇ. شۇ چاغ شۇنداق بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇكى، باسقان ئىزىدىن تاكى ئۆيىگە بارغىچە بىر رەت ئەتىرگۈل ئۈنۈپ گۈللىرى ئېچىلىپ، خۇش پۇراقلار چېچىپ بېرىپتۇ. كۆرگەنلەر هەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قاپتۇ.

ئايقىز ئاخىرى ئۆيىگە يېتىپتۇ. ئۆيگە بېرىپلا ئاپىسىنىڭ مەسە ـ كالىچىنى كىيىۋاپتۇ. چۈنكى ئۇ يالاڭ ئاياغ ماڭسىلا ئىزىدىن ئەتىرگۈللەر ئۈنۈۋېرىدىكەن، كەش بىلەن ماڭغاندا ئاندىن ئۈنمەيدىكەن، هەممە يەردە ئەتىرگۈل ئۈندۈرۈپ يۈرۈشنىڭ هاجىتى يوقتە.

ئەمدى ئۇنىڭ تۇرمۇشى بەخت ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. چۈنكى ئۇ ئېسىل خۇلقى ـ مىجەز، پەزىلەتلىرى بىلەن ئەلنىڭ ئىززەت ـ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولسا، توقۇغان كۆركەم گىلەم ۋە تىككەن ئېسىل كەشتە تۇتقان تور پەردىلىرى ئۆينى بېزەپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىدىكى ماهارىتى بىلەن هەممىنى ئۆزىگە رام قىلىپ تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ. باسقان ئىزىدىن گۈل ئۈندۈرۈپ يۈرتنى گۈلگە پۈركىسە، كۈلگەندە ئاغزىدىن تىللا ۋە يىغلىغاندا كۆزىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىت تۆكۈلۈپ، نامراتلارنى باي، قولى قىسقىلارنى ئۈزۈن قىلىپ هەم ئۆز ئائىلىسىنىمۇ

دۆلەتمەن ئىتتىپ كۆڭۈللىرىنى بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈپتۇ، ئاخىرى داڭقى ھەريان تاراپ تەرىپى تىللاردا داستان بولۇپ يىگىتلەر قەلبىنى مەستانە قىپتۇ.

شۇنداق كۆڭۈلەردە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئەلچىلەر قاتارىدا بىر ئالتۇن مەپە، سەككىز كۈمۈش مەپە بىلەن زەرباپ كىيىملىك، يىپەك پۈركەنجىلىك ئەلچى ئايالار كەپتۇ. ئەڭ مۆتىۋەرى مېھمانخانىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ قالغىنى قول باغلىشىپ تۇرۇپتۇ، كېلىش مۇددىئالىرىنى شېرىن ـ شېكەر تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن بايان قىلغاندىن كېيىن توققۇز پەتنۇستا ئېسىل توقاچ، توققۇز پەتنۇستا ئالتۇن ئەسۋاب، توققۇز پەتنۇس گۆھەر ـ ياقۇت، توققۇز پەتنۇستا توققۇز توپ زەرباپ، توققۇز توپ يىپەك رەخت ... دېگەندەك كۆپلىگەن كاتتا سوۋغا ـ سالاملارنى داستىخانغا قويۇپ ئۈمىد بىلەن ساھىبخانىغا بېقىپتۇ.

كەلگۈچىنىڭ ئۆز دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئەتىۋارلىق خانىش ئايىمى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئايقىزنىڭ ئانىسى «ياق» دېيىشكە تىلى بارماي، «ئېرىمدىن مەسلىھەت سوراپ باقاي» دېيىشكىمۇ پېتىنالماي، تەكەللۇپ، ھۆرمەت بىلەن سوۋغا ـ سالاملارنى قوبۇل قىلىپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. مېھمانلار چەكسىز خۇرسەن بولۇشۇپ «بىر پىيالە چاي قۇياي» دېگەنگىمۇ ئۈنىماي تەقەززالىق بىلەن جاۋاب كۈتۈپ قالغان شاھزادىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوردىغا يېنىپتۇ. ئەتىسى كاتتا توي مەرىكىسى بولۇپ،

نىكاھ ئوقۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئايقىز يېزىدىكى ھەممە قىز ـ چوكانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىغا يۆتكىلىپتۇ. ئوردا ئالدىغا يەتكەندە ئالتۇن مەيدىن چۈشۈپ تۇرۇشى تۇيۇقسىز ئاسماندىن كىچىك ئالۋاستى چۈشۈپ كەپتۇ. قىز ـ چوكانلار قورققىنىدىن قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈشۈپ ھەر تەرەپكە قېچىپتۇ. ئايقىز بولسا ئالۋاستىنى خۇش چىراي بىلەن قارشى ئاپتۇ.

— مانا ساڭا خىرۇستال كەش، — دەپتۇ ئالۋاستى كۆزىنى قاماشتۇرۇپ ۋالىلداپ نۇر چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ خىرۇستال كەشنى سۇنۇپ، — ئۆز ۋەدەمنى ئورۇنداپ تويۇڭنى مۇبارەكلەشكە كەلدىم.

— رەھمەت ساڭا، — دەپتۇ ئايقىز خۇشال بولۇپ، — بىراق مېنىڭلا كەشىم بولۇپ، دوستلىرىمنىڭ بولمىسا ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولارمىكىن دەيمەن، ئۇلارنىڭمۇ كىيگۈسى كېلىدۇ، ـ دە.

— كۆڭلۇڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياخشىكەن، — دەپتۇ ئالۋاستى كۈلۈپ كېتىپ، — ھازىرلا ئۇلارنىڭكىمۇ كەشلىرىنى خىرۇستال كەش قىلىپ قويىمەن، سەن بۇنى كىيىۋەرگىن.

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ شامالغا ئۆزگىرىپلا غۇي قىلىپ قىزلارنىڭ، ھەممە ئاياللارنىڭ كەشلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپتۇ. ھەممىسىنىڭ كەشى خىرۇستال كەش بولۇپ قاپتۇ. قىز ـ چوكانلارنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپلا كېتىپتۇ. شۇ چاغدىلا ئالۋاستى «خەير ـ خوش، قىزچاق، بەختلىك بول» دېگىنىچە

كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

شۇ چاغ ئالۋاستى كەلگىنىدىن خەۋەر تېپىپ ئۆز مەھبۇبىسىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىچ يالىڭاچلاپ چىققان شاھزادە ئايقىزدىن سوراپتۇ:

— سۆيۈملۈكۈم، نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى - ھە! ئالۋاستى سىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىگەندۇ؟

— ھېچ ئىش بولمىدى. ئالۋاستى ماڭا خىرۇستال كەش ئېلىپ كەپتۇ، — دەپتۇ ئايقىز، — سەۋەبىنى كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن.

شاھزادە كۆڭلى تىنىپ دوستلىرى قېشىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئايقىزمۇ خىرۇستال كەشنى كىيىپ قىز دوستلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆيگە مېڭىپتۇ، ئۇلارنىڭ خىرۇستال كەشلىرى مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان يەرگە تېگىپ تاق، تاق! تاق، تاق! ... قىلغان جاراڭلىق سادا ياڭرىتىپتۇ، بىراق بىرسىمۇ چېقىلىپ كەتمەپتۇ.

# شاھزادە دىلشات ۋە مەلىكە ئىپارقىز

(چۆچەك)

بىر زامانلاردا، تارىخ بەتلىرىگە خاتىرىلەپ قويۇش ئۇنتۇپ قېلىنغان ئەنبەرىستان شەھىرىدە بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ خانىشى ئۈچ ئاي، ئۈچ كۈن، ئۈچ سائەت قورساق كۆتۈرۈپلا بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىپتۇ، بۇ پەرزەنت ئالتە ئاي، ئالتە كۈن، ئالتە سائەت بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغاچقىمىكىن، ئادەتتىكى بوۋاقلاردىن بەكمۇ كىچىك بولۇپ، بويى بىر غېرىچمۇ كەلمەيدىكەن. لېكىن جامالىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، قاش ـ كۆزلىرى ئاجايىپ قاملاشقان زەپمۇ چىرايلىق بالا ئىكەن.

دەل شۇ كۈن، شۇ سائەتتە پادىشاھنىڭ ئاتخانىسىدىكى ئەتىۋارلىق بايتىلىمۇ يېڭى تۇغۇلغان قوزىدەك كىچىك بىر تايچاق تۇغقانلىقى، تايچاق بەك كىچىك بولغان بىلەن قاردەك ئاق ۋە ئايغىردەك شاش، زەپمۇ چىرايلىق تايچاق ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەپتۇ.

بۇ ئىشلاردىن بەكمۇ سۆيۈنگەن شاھ بىلەن خانىش شەھەر خەلقىگە ئات تويى زىياپىتى بېرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ،

ئاندىن شاھ ئوردىنىڭ ئىگىز مۇنارىغا چىقىپ ئوغلىنىڭ بەخت ـ تەلىيى ئۈچۈن ئالتۇن تەڭگە ۋە تايچاقنىڭ ساغلام يېتىلىشى ئۈچۈن كۈمۈش تەڭگىلەرنى پەتنۇس ـ پەتنۇسلاپ چاچقۇ قىلىپ، مۇنار ئەتراپىغا يىغىلغان جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ، ئاندىن شاھزادىگە «دىلشات» دەپ ئىسىم قويۇلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ، ئات تايچاقنى شاھزادىگە ھېغىشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللارمۇ ئۆتۈپتۇ. شاھزادە دىلشات 16 ياشقا قەدەم قويۇپتۇ. ئۇ چوڭلاردەك غەيرەتلىك ۋە قەيسەر، لېكىن بالىلاردەك شوخ ۋە ئوماق ئىكەن. بوي ـ بەستى ئۈچ غېرىچچە بولۇپ، 8 ياشلاردىكى بالىلارچىلىكمۇ يوق ئىكەن. ئۇنىڭ تايچىقىمۇ يېڭى تۇغۇلغان تەخەيچىلىك كەلمەيدىكەن. بىراق ھەر ئىككىسى كۆرگەنلا كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق ئىكەن. شاھزادە دىلشاتنى ھەممەيلەن «دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق شاھزادە» دەپ تەرىپلەيدىكەن.

بىر كۈنى شاھزادە دىلشات دوستلىرى بىلەن ئويناپ يۈرۈپ قوشنا ئەل ئىپارىستان مەملىكىتى بىلەن بولغان چېگرادىكى چىمەنزارغا بېرىپ قاپتۇ ۋە ئۇ يەردە ئىپارىستان شاھىنىڭ مەلىكىسى ئىپارقىز ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىگە يولۇقۇپ قاپتۇ.

مەلىكە ئىپارقىز بوي ـ تۇرقى شاھزادە دىلشاتتىن بىرلىك كىچىك، قامىتى زىلۋا ـ نازۇك، ئەتلىرى سۈتتەك ئاق، مەڭزى ئاناردەك ۋە لەۋلىرى قىزىل گىلاستەك، قەلەمقاشلىق، قايرىما كىرپىك، خۇمار كۆزلۈك بەكمۇ ئوماق ۋە چىرايلىق بىر قىز

ئىكەن. بوستان چاچلىرى گۆھەر كۆزلۈك زەر تاجىسى ئاستىدىن چىقىپ، نازۇك بەللىرىدە يېيىلىپ تۇرىدىكەن. كۆرگەنلەر ئۇنى «دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق مەلىكە» دېمەي تۇرالمايدىكەن. ئەمما ئۇمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا كىچىك بولغاچقا يېشى ھازىر 15 لەردە بولسىمۇ بوي ـ تۇرقى 7 ياشلىق بالىلارچىلىك بار ئىكەن. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئىپار ھىدى يېغىپ تۇرىدىكەن.

شاھزادە دىلشات ئۇنى كۆرۈپلا ئالدىغا بېرىپتۇ. مەلىكە ئىپارقىز ھەم بۇ چىرايلىق شاھزادىنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە تونۇشلۇق بېرىشىپ، ئاندىن كەچ كىرگىچە گۈل ـ چېچەكلەر تېرىشىپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئويناپتۇ. كەچتە ئايرىلىشقا قىيماي، ئەتىسى يەنە شۇ يەردە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلىشىپ خوشلىشىپتۇ ۋە تاڭ سەھەردىلا ھېچنېمىگە قارىماي گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن كەڭ دالىغا ھازىر بوپتۇ. كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرىنى باشلاپتۇ. بۇ خەۋەر گەرچە ئىككى ئەل پادىشاھلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىلىسى پەرزەنتلىرىنى كەلگۈسى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بىر ـ بىرىگە چېتىشنى دىتلاپ، زادىلا دەخلى قىلماپتۇ، بەلكى پەرزەنتلىرى بىلەن تەڭ خۇرسەن بولۇشۇپتۇ. ئىش شۇ بويىچە داۋام قىلغان بولسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى. شاھزادە دىلشات بىلەن مەلىكە ئىپار قىزنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى شادلىق قايناملىرى ئىچىدە بىرخىل رىتىمدا ئايلىنىپ، ئاخىرى مۇراد مەنزىلىگە ئۇلاشقان بولاتتى. ئۇ چاغدا بۇ چۆچەكمۇ يېزىلمايلا

قالاتتى. ئەپسۇس، ئىش بىر مەزگىل ئارزۇيىمىزنىڭ تەتۈرسىچە بولۇپ قالدى. نېمە ئىش دېمەمسىلەر.

بىر كۈنى شاھزادە دىلشات بىلەن مەلىكە ئىپار قىز ئاق تايچاققا بىللە مىنىپ، چېپىشىپ ئويناۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر قارا قۇيۇن پەيدا بوپتۇ ـ دە، مەلىكە ئىپار قىزنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. چۆچۈپ كەتكەن شاھزادە دىلشات: «قويۇنتاز مەلىكەمنى قايتۇرۇپ بەر» دەپ توۋلىغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. ئاق تايچاقمۇ بار كۈچى بىلەن شامالدەك تېز چېپىپتۇ. ئەمما بىرەر سائەتتەك ۋاقىتتىن كېيىن قارا قويۇن ئۇلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگىنىچە بىر تەرەپكە كېتىپ قاپتۇ.

«مەلىكەمنى تېپىپ قۇتقۇزۇپ كېلىشكە قەسەم قىلىمەن» دەپتۇ شاھزادە دىلشات ئۆز ـ ئۆزىگە قەتئىيلىك بىلەن.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ قۇيۇن كەتكەن تەرەپكە قاراپ تايچاقنى چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ. چېپىپتۇ، چېپىپتۇ. بىر چاغدا بىر تۈپ قىزىلگۈلگە يولۇقۇپتۇ. گۈل تۈۋىدە چوڭقۇر بىر قۇدۇق بار ئىكەن.

ــ قاياققا ماڭدىڭىز شاھزادە، ــ سوراپتۇ قىزىلگۈل تۇيۇقسىز زۇۋانغا كېلىپ.

ــ مەلىكەمنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟ ــ سوراپتۇ شاھزادە دىلشاتمۇ قايتۇرۇپ.

ــ كۆرگەن، كۆرگەن، ــ دەپتۇز قىزىلگۈل، ــ بىر

مەلىكىنى كۆرگەن، بىراق ئۇ بىر قىزىق ھېكايە، ئاڭلاشنى خالامسىز؟

— خالايمەن، خالايمەن، — دەپتۇ شاھزادە دىلشات تەقەززالىق بىلەن.

قىزىلگۈل ئېيتقان ھېكايە.

— مەن ئۇ چاغلاردا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ قىزىلگۈل، — بىر تال نوتا ئىدىم، ئوردا گۈلچىسى بىر تەشتەككە تىكىپ، يىلتىز تارتقاندا مەلىكىنىڭ خاس قەسىرىدىكى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويغان. مەن شۇ يەردە تۇرۇپ ھەممىنى كۆرگەن. بىزنىڭ ئۇ مەلىكە تەڭدىشى يوق گۈزەل مەلىكە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام دېگۈچىلەرمۇ كۆپ ئىدى، شاھ بىر كۈنى مەلىكىگە كىشى كىرگۈزدى، «مەلىكە تەلەپ قويغانلىرىدىن بىرنى تاللىسۇن» دەپ.

«كىمنى تاللاش كېرەك؟» مەلىكە بۇ مەسىلىدە بېشى قېتىپ، ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىرى:

— مەن بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچى يىگىتلەر ھەممىسى دەررۇ قەسىر ئالدىدىن ئۆتسۇن. مەن ئۇلاردىن بىرىنى تاللاپ ئالما تاشلايمەن. قايسى يىگىتكە ئالما تاشلىسام شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگىنى ئالمىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا كىرسۇن، ئاتام شۇ يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلسۇن، — دەپ كىرگۈچىنى يولغا سالدى.



هېلىقى كىشى بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىپ شاھقا يەتكۈزدى. شاھمۇ ماقۇل كۆرۈپ، مەلىكىسىنىڭ قارارىنى يىگىتلەرگە جاكارلىدى. يىگىتلەر دەرھال ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ قەسىر ئالدىدىن ئۆتۈشكە تەييارلاندى.

مەلىكە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئوردا بېغىدىكى باغۋەننى چاقىرتىپ، ئوردا بېغىدىلا چىقىدىغان ئېسىل ئالمىدىن ئەكىلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. مەلىكىنىڭ ئالمىنى نېمىگە ئىشلىتىشىدىن بىخەۋەر باغۋەن ياخشى كۆرۈنۈپ ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن دەرھال يوغان بىر سېۋەتكە ئوردا بېغىغا خاس ئېسىل ئالمىدىن قاچىلاپ ئەكىرىپ بەردى.

يىگىتلەر قەسىر ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. مەلىكە تۇيۇقسىز:

— ئاۋۇ يىگىت نېمىدېگەن چىرايلىق يىگىت ھە؟ — دېدى ـ دە، تۇنجى ئالمىنى چىرايلىق يىگىتكە تاشلىدى. يىگىت ئالمىنى تۇتۇۋالدى ـ دە خۇشاللىقىدىن باشقىلارغا قارىماستىن ئەتە ئوردىغا ئەكىرىدىغان سوۋغىلىرىنى تەييارلىغىلى كېتىپ قالدى. ئەمما باشقا يىگىتلەر كەينىدىكىلىرى ئالدىدىكىلىرىنى تۈرتۈپ داۋاملىق ئىگىز قەسىرنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. مەلىكە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زەر تاجلىق بىرىگە كۆزى چۈشتى ـ دە، «ۋۇي بۇ شاھزادە ئىكەنغۇ» دېدى ـ دە، ئۇنىڭغا بىر ئالما تاشلىدى، شاھزادىمۇ ئالمىنى تۇتۇۋېلىپ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمىغان ھالدا دەرھال سوۋغات تەييارلاش ئۈچۈن

توپتىن ئايرىلدى. ئارقىدىنلا مەلىكە تاغىسىنىڭ بىر ئوغلىنى كۆرۈپ قالدى، بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالغاندىن كېيىن يەنە، ئۇنىڭغا ئالما تاشلىسام تاغام مەندىن رەنجىپ قېلىشى چوقۇم، دېدى ـ دە، ئۇنىڭغا بىر ئالما تاشلىدى. دېرىزە ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ زادىلا ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كەينىدىكىلىرى ئالدىدىكىلەرنى سۈرۈپ كېلىۋەردى، مەلىكە بولسا ھېلى ھامىسىنىڭ ئوغلىغا، ھېلى ئەڭ كاتتا بىر باينىڭ ئوغلىغا، ھېلى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ... دېگەندەك ئۆزىگە تۇغقانچىلىقى بار ياكى كۆزىگە چىرايلىق، قاملاشقان كۆرۈنگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئالما تاشلاۋەردى، شۇ تەرىقىدە ئالما تاشلاۋېرىپ سېۋەت قۇرۇقدالغاندىلا بولدى قىلدى ـ دە، «ئۇھ! ئەجەب ھېرىپ كەتتىما» دېگىنىچە دېرىزىنى يېپىپ قويۇپ ئارام ئېلىشقا چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى سۇبھى بىلەن تەڭ ئوردا ئالدىدىن كۆتۈرۈلگەن غەلىۋە ـ غوۋغا، چۇقان ـ سۈرەنلەر مەلىكىنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى. مەلىكە دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ كۆردىكى، ئوردا ئالدىدا بىرەر يۈزچە يىگىت قولىدا بىردىن ئالما كۆتۈرگىنىچە بىر ـ بىرىنى يالغانچى ـ ساختىپەزلىكتە ئەيىبلەپ، ئالدامچى ـ ئوغرى، قاراقچىغا چىقىرىپ، مەلىكىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئالما تاشلىغىنىنى ئېيتىپ ۋارقىرىشىۋاتقان ئىكەن. ھايالىسىزلا ئۇلار بارغانسېرى ئەدەپ تىللىشىشقا، ئارقىدىنلا مۇشتلىشىشقا چۈشتى، بەزىلىرىنىڭ بېشى يېرىلدى،



بەزىلىرىنىڭ بۇرنى ماكچايدى، بەزىلىرىنىڭ كۆزى قۇيۇلدى، بەزىلىرىنىڭ چىشى تۆكۈلدى، قانلىرى چېچىلدى، تەسۋىرلىگۈسىز بىر كارامەت جېدەل ـ ماجىرا باشلاندى.

بۇ تاماشىنى كۆرگەن مەلىكە شۇنداق كۈلۈشكە باشلىدىكى، كۈلكە ساداسى قەسىر ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ، سىرتتا ھەم جاراڭلاشقا باشلىدى. گويا كۈمۈش قوڭغۇراق ساداسىدەك ياڭرىدى، بۇ كۈلكە ساداسى جېدەلنى تىنچىتتى. ئەمما ئۆزى بېسىقمايلا قالدى. مەلىكە توختىماي كۈلدى، كۈلۈۋېرىپ ئاخىر ھوشىدىن كەتتى ۋە شۇ ھوشىدىن كەتكەنچە زادىلا ھوشىغا كېلەلمەي تېۋىپلارمۇ چارە قىلالماي يېتىپ قالدى. بىر چاغدا ئوردا ئەھلى يىغا ـ زار، ئاھۇ نادامەت ئىچىدە ئۇنى ئالتۇن جىنازىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ، ئېسىل گۈمبەزلىك بىر قەبرىگە كۆمۈپ قويىدى. بەلكىم ئۇ ھازىرمۇ شۇ يەردە ياتقاندۇ، سىز سورىغان مەلىكە شۇ ئەمەسمۇ؟

— ياق، ياق، ئۇ ئەمەس، — دەپتۇ شاھزادە دىلشات مەيۇسلىنىپ، — مېنىڭ مەلىكەم ئۇنداق ئۇجمە كۆڭۈل ئەمەس ئىدى. بىر مېنىلا سۆيەتتى. ئالما تاشلىسىمۇ بىر ماڭىلا تاشلايتتى، ئۇنى تېخى بايىلا قارا قۇيۇن ئۇچۇرۇپ كەتكەن، ئۇ شۇ سۆزدىن كېيىن يولىغا ماڭماقچى بولغان ئىكەن.

— ئاۋۋال ماڭا ياردەم قىلىڭچۇ، — دەپتۇ قىزىلگۈل، — قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ سۇغىرىپ قويىدىغان ئادەم يوق، قۇرۇپ كېتەيلا دەپ قالدىم.

شاھزادە دىلشات دەرھال تايچاقتىن چۈشۈپ، قۇدۇق بېشىدىكى چېلەك بىلەن سۇ تارتىپ قىزىلگۈلنى قانغۇدەك سۇغىرىپتۇ.

— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ قىزىلگۈل، — ئەمدى سول تەرىپىمدىن ئۈچ قەدەم نېرىدا بىر ئالتۇن قالقان كۆمۈكلۈك، كولاپ ئېلىۋېلىڭ، سىزگە ئەسقېتىپ قالار.

شاھزادە دىلشات قىزىلگۈل دېگەن يەردىن بىر كىچىك ئالتۇن قالقاننى تېپىپتۇ. ئاندىن قىزىلگۈل بىلەن خوشلىشىپ، تايچاققا مىنىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

تايچاق بار كۈچ - غەيرىتى بىلەن چېپىپتۇ، چېپىپتۇ، چىغىر يول ئۈستىدە بىر تۈپ ئەتىرگۈلگە يولۇقۇپتۇ.

— قاياققا ماڭدىڭىز شاھزادە؟ — سوراپتۇ ئەتىرگۈلمۇ زۇۋانغا كېلىپ.

— مەلىكەمنى ئىزلەپ كېتىۋاتىمەن. سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ شاھزادە دىلشات.

— كۆرگەن، كۆرگەن، — دەپتۇ ئەتىرگۈل، — بىراق بۇ بىر ئاددىي ھېكايە، ئاڭلاشنى خالامسىزكىن؟

— خالايمەن، خالايمەن، — دەپتۇ شاھزادە تەقەززالىق بىلەن.

ئەتىرگۈلنىڭ ھېكايىسى

— قوشنا ئەلدە بىر مەلىكە بولىدىغان، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ئەتىرگۈل، — ئۇ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولسىمۇ، لېكىن بەك ھاكاۋۇر ئىدى. نۇرغۇن بايۋەچچە، بەگزادىلەر، ھەتتا

باشقا يۇرتلۇق شاھزادىلەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، توي تەلىپى قويۇپ، ئەلچى كىرگۈزگەنىدى، بىراق ھاكاۋۇر مەلىكە ھېچبىرىگە پىسەنت قىلمىدى. ئاقىۋەت پادىشاھ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئەلچىلەردىن بىزار بولۇپ، مەلىكىگە ئادەم كىرگۈزدى، كىرگۈچى پادىشاھنىڭ «مەلىكە ئەلچى قويغان يىگىتلەردىن بىرىنى تاللىسۇن، تېزرەك توينى قىلىۋېتەيلى، بولمىسا مەن ئۆزۈم خالىغان بىرىگە ياتلىق قىلىۋېتىمەن» دېگەن پەرمانىنى ئېلىپ كىردى. مەلىكە پەرماننى قايتۇرالماي: «ئاتامغا يەتكۈز، مەن قاچانكى بىر يىگىتنى تاللىسام شۇ كۈنى توي مەرىكەم بولسۇن، مەن تاللىمىغىچە ھېچكىمگە جاۋاب بەرمەي تۇرسۇن، مېنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغانلار ئاتامنى ئاۋارە قىلمايلا ئالدىمغا كىرسۇن» دەپ كەلگۈچىنى يولغا سالدى، ئارقىدىنلا شاھنىڭ ماقۇللۇق سۆزى يېتىپ كەلدى. مەلىكىنىڭ خاھىشى ئەلگە جاكار قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەلىكىگە ئۆيلىنىش ئۈمىدىدە بولغان يىگىتلەر بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىشكە باشلىدى.

مەلىكە تۇنجى كىرگەن شاھزادىنى ياراتماي، كۆرۈمسىز ئىكەن، دەپ قوغلىدى، ئىككىنچى رەت كىرگەن شاھزادىنى بولسا سېمىزكەن، دەپ ياقتۇرمىدى. ئارقىدىن بىر بەگزادە كىردى. بىراق تاياقتەك ئورۇق ئىكەن دەپ ئۇنىمۇ ھەيدەپ چىقاردى. شۇ تەرىقىدە كىرگەنلەرنىڭ بىرىنى سەت دېسە، بىرىنى چاكىنا، بىرىنى سېمىز دېسە، بىرىنى ئورۇق، بىرىنى ئېگىز

دېسە، بىرىنى پاكار ۋە بىرىنى نامرات ...دەپ، تورلۇك ئېۋەنلەرنى چىقىرىپ ھەممىسىنى قايتۇردى.

كېيىنكى كۈنى كەلگەنلەرمۇ بۇخىل تەقدىردىن قۇتۇلالمىدى، نائۈمىد قايتتى. مەلىكىنىڭ قويغان ئېۋەنلىرىدىن خورلۇق ھېس قىلغانلار يەنە ئۇنىڭ پەزىلىتى، خۇلقى - مىجەزى ھەققىدە تورلۇك غەيۋەت - شىكايەتلەرنى تاراتتى، شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىدىغانلارنىڭ سانى ئازلاپ، ئاخىرى بىرسىمۇ قالمىدى. ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتتى. مەلىكە ھاكاۋۇرلۇقىدىن شاھ بىلەن خانىش كۆرسەتكەننى ياراتماي ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىدىن ھېچكىم ئەمدى ئالدىغا تەكلىپ قويۇپ بارمىدى. مەلىكە ئەرسىز قېلىۋەردى، يىللار ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىنى غازاڭدەك سارغايتىپ، گۈزەللىك ئاپتىپى پارلاپ تۇرىدىغان چېھرىگە قېرىلىق سايە تاشلىدى. شەھلا كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچۈپ، قۇندۇزدەك چاچلىرىنى ئاق ئارىلىدى. تال چىۋىقتەك زىلۋا - ئەۋرىشىم قامىتى ئەمدى راھەتلىك تۇرمۇش تۇپەيلى پور سۆگەتتەك سەمرىپ قالدى. نازاكەتلىك قەدەم ئېلىشلىرى ئېيىقتەك ئىرغاڭلاپ مېڭىشقا ئۆزگەردى. ياشلىق باھارىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئەسلىدىكى گۈزەللىكىدىن ئەمدى كىشىلەر قەلبىدە يوقىلايلا دەپ قالغان ئەسلىمىلا قالدى.

بۇ چاغلاردا مەلىكىگە تېخىمۇ ئەر چىقمىدى. بىرىگە مەجبۇرىي ياتلىق بولۇشنى تېخى كۆڭلى كۆتۈرمىدى.



ھاكاۋۇرلۇقى ئورنىنى ئاچچىق ھەسرەت تۇيغۇلىرى ئىگىلىدى. كۆزلىرىدىن پۇشايمان ياشلىرى سىرغىدى، ئاقىۋەت پادىشاھ ئۆمرىنىڭ ئاخىرى مەلىكىنى قېرى ئاتباقارغا ياتلىق قىلدى. بۇ قېرىمۇ يۇزلىرى ھېلىلىدەك قورۇلغان، چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغانلىقىغا باقماي، نېزىقاپ بېقىپ، ئاخىرى نۇرغۇن قىز مېلى ۋە شاھ كۇيۇئوغۇللۇق نام ـ ئاتىقىنىڭ تاماسىدا مەلىكىنى ئەمرىگە سالدى. مەلىكىمۇ ئامالسىز شۇ قېرى بىلەن بىللە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. بەلكىم ئۇ دېرىزىسى ئالدىدا كىملەرگىدۇر تەلمۈرۈپ، ئاچچىق ـ ئاچچىق كۆز ياشلىرى بىلەن ئېتەكلىرىنى ھۆل قىلىپ ئولتۇرغاندۇ، سىز ئىزدىگەن مەلىكە شۇ ئەمەسمۇ!

— ياق، ياق! ئەمەس، — دەپتۇ شاھزادە دىلشات، — مېنىڭ مەلىكەم مېنى سۆيىدۇ. ئۇ ھاكاۋۇر ئەمەس، ياشلىق باھارىغىمۇ ئەمدىلا قەدەم تاشلىغان. ئۇنى تېخى بايىلا قارا قۇيۇن بۇلاپ كەتكەن. مەن ئۇنى ئىزلەپ تاپىمەن.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ مېڭىشقا تەمشەلگەن ئىكەن.

— توختاڭ، — دەپتۇ ئەتىرگۈل، — بەك قۇۋۋەتسىزلىنىپ كەتتىم، ئەتراپتىن قۇش مايىقى تېرىپ ئەكىلىپ مېنى ئوغۇتلاپ قويۇڭ.

شاھزادە دىلشات دەرھال ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ.

— رەھمەت، — دەپتۇ ئەتىرگۈل ئۇنىڭغا يەنە، — ئەمدى ئوڭ تەرىپىمدىن ئۈچ قەدەم نېرىدا بىر ئالماس قىلىچ كۆمۈكلۈك،

ئېلىنىۋېلىنىڭ، كېرەك بولۇپ قالار.

شاھزادە دىلشات ئۇ كۆرسەتكەن جاينى كولاپ، ئۆزىگە بەكمۇ باپ كەلگۈدەك بىر ئالماس قىلىچنى تېپىپتۇ ـ دە، خوشلىشىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

تايچاق چېپىپتۇ، چېپىپتۇ. ئاخىرى ئاق، قىزىل ۋە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك نىلۇپەر گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن بىر نىلۇپەرزارلىق كۆلگە دۇچ كەپتۇ. كۆلنى ئايلىنىپ ماڭماقچى بولغان ئىكەن:

ـــ قاياققا ماڭدىڭىز شاھزادە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ بىر ئاق نىلۇپەر گۈلى زۇۋانغا كېلىپ.

ـــ مەلىكەمنى ئىزلەپ كېتىۋاتىمەن. سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟ ـــ دەپتۇ شاھزادە دىلشات

ـــ كۆرگەن، كۆرگەن، ـــ دەپتۇ ئاق نىلۇپەر، ـــ مەن بىر مەلىكىنى كۆرگەن، بىراق ئۇ بىر غەلىتە ھېكايە، ئاڭلاشنى خالامسىز؟

ـــ خالايمەن، خالايمەن، ـــ دەپتۇ شاھزادە دىلشات سەۋرسىزلىك بىلەن.

نىلۇپەرنىڭ ھېكايىسى

ـــ يېقىندىكى بىر شەھەر پادىشاھىنىڭ بىر مەلىكىسى بار ئىدى، ـــ دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى نىلۇپەر، ـــ ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، گۈزەللىكى تىللاردا داستان ئىدى. بىراق شاھ بىلەن خانىش ئۇنى خاس قەسىردىن چىقارمايتتى. يات

كىشىلەرگە يولۇقتۇرمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تەرىپى كېنىزەكلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق تارىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن يىلى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى. مەلىكىنىڭ ئاتىسى بولسا بوكرەدىن مەملىكىتى تەۋەسىدىكى ئەڭ كاتتا بىر زەردارنىڭ ئەلچىلىرىگە رازىلىق بېرىپ قايتۇردى.

بىر كۈنى زەردارنىڭ ئوغلى مەلىكىنى بىللە سەيلە قىلغىلى كەڭ دالىغا تەكلىپ قىلدى. قەپەستىن چىقىشقا ئىنتىلگەن قۇشتەك سىرتقى دۇنيانى كۆرۈشكە ئىنتىزار مەلىكە خۇشاللىق بىلەن تەكلىپنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەيلىگە چىقتى. مەلىكە تارتىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن بىللە چىققان كېنىزەك ۋە مۇلازىملارنىڭ بىرىنى قويماي كەتكۈزۈۋەتتى. ئۆزى بىر يىگىتى بىلەنلا قالدى. ئۇلار تاماشا قىلىپ شەھەردىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتى. مۇشۇ ئەتراپقا كېلىپمۇ قالدى. شۇ چاغدا يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانلىقتىن بىر يولۋاس سۇ ئىچكىلى بۇ كۆل تەرەپكە كېلىپ قالدى.

ئۇنى نېرىدىن كۆرۈپلا زەردارنىڭ ئوغلى:

ــ قۇتقۇزۇڭلار، يولۋاس كەلدى! ــ دەپ ۋارقىرىغىنىچە مەلىكىنى تاشلاپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپ كەتتى. يولۋاسنى ھېكايە ـ چۆچەكلەردە ئاڭلاپ، ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغان مەلىكە بولسا نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى. يولۋاس ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپمۇ كەلدى. بىراق مەلىكىنىڭ

گۈزەللىكىنىڭ سېھرىي كۈچىدىنمۇ ياكى قورسىقى توقمۇ بىلمىدىم، مەلىكىگە چېقىلمىدى.

— بۇ يىگىت بەكمۇ قورقۇنچاق ئىكەن، — دېدى مەلىكە ئۆز - ئۆزىگە، — باشقا يىگىتلەرمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. مەن يەنە خەتەرگە يولۇقسام ھازىرقىدەك تاشلاپ قېچىشى مۇمكىن. شۇڭا كىم ھېچنېمىدىن قورقماس بولسا شۇنىڭغا ياتلىق بولۇشۇم كېرەك، ئۇ چوقۇم خەتەرگە يولۇققاندا مېنى تاشلاپ قاچمايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە يولۋاسنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— يولۋاس، سەن دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ باتۇر بولساڭ كېرەك. چۈنكى ئاۋۇ يىگىت سېنى كۆرۈپلا قورقۇپ قاچتى. مەن ھازىرلا تېخى ئەڭ باتۇر، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بىرسىگە ياتلىق بولىمەن دەپ قەسەم قىلدىم. شۇڭا ساڭا ياتلىق بولساممىكىن دەيمەن. بۇنى خالامسەن، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— خالايمەن، — دېدى يولۋاس، — بىراق مەن سەن دېگەندەك ئەڭ باتۇر، ھېچنېمىدىن قورقماس ئەمەسمەن، چۈنكى پىل مەندىن كۈچلۈك، مەن پىلدىن قورقىمەن. پىل ئەڭ باتۇر ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس بولۇشى مۇمكىن، ياخشىسى بېرىپ پىلغا ياتلىق بول.

— پىلنى قەيەردىن تاپىمەن؟ — سورىدى مەلىكە.

— ئۇمۇ ھېلىلا كۆلدىن سۇ ئىچكىلى كېلىپ قالار. مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇر، — دېدى يولۋاس.



— رەھمەت ساڭا، — دېدى مەلىكە، — ئەمدى سەن كېتىۋەر، مەن پىلنى ساقلاپ تۇراي، — يولۋاس سۇ ئىچىپ كەتتى. ئارقىدىنلا پىل يېتىپ كەلدى.

— پىل، — دېدى مەلىكە ئالدىغا بېرىپ، — يىگىتىم يولۋاستىن قورقتى، يولۋاس سەندىن قورقىدىكەن، سەن دۇنيادا ئەڭ باتۇر ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس بولساڭ كېرەك. مەن شۇنداق بىرسىگە ياتلىق بولۇشقا قەسەم قىلغانمەن. مېنى ئەمرىڭگە ئېلىشنى خالامسەن؟

— خالايمەن، — دېدى پىل، — بىراق مەن سەن دېگەندەك ئەمەسمەن، مېنىڭ بەستىم يوغان، كۈچۈم زور بولغان بىلەن كالامپايراقمەن. شۇڭا كىچىككىنە چاشقان دائىم خاپا قىلىدۇ. خارتۇمۇمغا بىر كىرىۋالسا چىقىرىۋېتەلمەي بەك ئاۋارە بولىمەن، چاشقاننى كۆرمەيلا شۇ ھامان نېرى قاچىمەن، سەن ياخشىسى چاشقانغا ياتلىق بول، ئۇ ئەڭ باتۇر ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس بولۇشى مۇمكىن.

— چاشقاننى قەيەردىن تاپىمەن، — سورىدى مەلىكە.

— ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە تۆشۈكى باردەك قىلىدۇ، — دېدى پىل، — تۆشۈك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغىن.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى مەلىكە، — ئەمدى يولۇڭغا كېتىۋەرگىن.

مەلىكە چاشقان تۆشۈكى ئالدىغا بېرىپ تۇرۇشىغا چاشقانمۇ كېلىپ قالدى. ئالدىراپ ئۇۋىسىغا كىرىۋالاي دەپ تۇرغاندا

مەلىكە:

— توختاپ تۇرغىن، — دېدى ئۇنىڭغا، — يىگىتىم يولۋاستىن قورقتى، يولۋاس پىلدىن قورقىدىكەن، پىلمۇ سەندىن قورقىدىكەن. سەن دۇنيادا ئەڭ باتۇر ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس بولساڭ كېرەك، مەن شۇنداق بىرسىگە ياتلىق بولۇشقا قەسەم قىلغان ئىدىم، مېنى ئەمرىڭگە ئېلىشنى خالامسەن؟

— خالايمەن، — دېدى چاشقان، — بىراق مەن سەن دېگەندەك ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە ئەڭ قورقۇنچاقمەن، بولۇپمۇ مۈشۈكتىن بەك قورقىمەن، ئۇنى كۆرۈپلا قالسام پۇت - قولۇمدا جان قالمايدۇ. مۈشۈكمۇ بىر يالماپلا مېنى يەۋېتىدۇ، بەلكىم مۈشۈك دۇنيادا ئەڭ باتۇر ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس بولۇشى مۇمكىن، ياخشىسى سەن ئۇنىڭغا ياتلىق بولغىن.

— مۈشۈكنى قەيەردىن تاپىمەن؟ — سورىدى مەلىكە.

— مۈشۈك دائىم تام تۆپىلىرىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتىدىغان، ئۇنى شۇنداق جايلاردىن تاپقىلى بولىدۇ، — دېدى چاشقان.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى مەلىكە، — ئەمدى كامىرىڭغا كىرىپ كېتىۋەرگىن.

مەلىكە ئۇ يەردىن ئۆتۈپ مۈشۈكنى ئىزلەپ ماڭدى ۋە ئاخىرى ئۇنى بىر تام تۆپىسىدە يۇزىنى يۇيۇۋاتقان ھالەتتە يولۇقتۇردى.

— مۈشۈك، — دېدى مەلىكە، — يىگىتىم يولۋاستىن قورقتى، يولۋاس بولسا پىلدىن، پىل چاشقاندىن قورقىدىكەن،

چاشقانمۇ سەندىن قورقىدىكەن. سەن دۇنيادا ئەڭ باتۇر، ھېچنېمىدىن قورقماس بولساڭ كېرەك، مەن شۇنداق بىرسىگە ياتلىق بولۇشقا قەسەم قىلغان ئىدىم، ماڭا ئۆيلىنىشنى خالامسەن.

— خالايمەن، — دېدى مۈشۈك، — بىراق مەنمۇ سەن تەرىپلىگەندەك ئەمەس، چۈنكى مەن ئىتتىن قورقىمەن، ئىتنى كۆرسەملا ئۆگزىگە چىقىۋالغۇچە كۆڭلۈم تىنجىمايدۇ. مەن ئۈچۈن ئىتتەك قورقۇنچلۇق مەخلۇقاتتىن يەنە بىرى يوق، بەلكىم ئۇ دۇنيادا ئەڭ باتۇر ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس بولسا كېرەك، سەن ياخشىسى ئىتقا ياتلىق بولغىن.

— ئىتنى قەيەردىن تاپىمەن؟ — سورىدى مەلىكە.

— ئىت بەلكىم بىرەر ئەخلەت دۆۋىسىنى تاتىلاپ، ھىدلاپ يۈرگەندۇ، — دېدى مۈشۈك.

مەلىكە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئىتنى ئىزلەپ كەتتى ۋە ئۇنى بىر ئەخلەت دۆۋىسىدە ئۇچراتتى.

— ئىت، دېدى مەلىكە، — يىگىتىم يولۋاستىن قورقتى، يولۋاس بولسا پىلدىن، پىل چاشقاندىن، چاشقان مۈشۈكتىن قورقىدىكەن، مۈشۈكمۇ سەندىن بەك قورقىدىكەن، سەن دۇنيادا ئەڭ باتۇر ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس بولساڭ كېرەك. مەن شۇنداق بىرسىگە ياتلىق بولۇشقا قەسەم قىلغان، سەن مېنى ئەمرىڭگە ئېلىشنى خالامسەن.

— خالايمەن، دېدى ئىت، — بىراق مەنمۇ سەن دېگەندەك

ئەمەس. مەن يولۋاستىن قورقىمەن. ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىغلىق خەنجەردەك چىشلىرىغا دۇچ كەلگىنىمدە ماڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق، ياخشىسى سەن بېرىپ باشقا بىرسىنى تاپقىن.

— توۋا، — دېدى مەلىكە، — بۇلار ھەممىسى بىر - بىرىدىن قورقىدىكەن، ھېچبىرى ئەڭ باتۇر ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس ئەمەسكەن، ئەمدى قانداق قىلارمەن.

مەلىكە شۇنداق ئوي - پىكىرلەر بىلەن كاللىسى ئېلىشىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئاخىرى ئوردىغا بېكىنىۋالدى. بېكىنىۋېلىپ ئويلىدى، ئويلىدى، نەچچە يىللار ئويلىدى. باشقىلارنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى قۇلىقىغا كىرمىدى ياكى بىر ئامال تاپالمىدى، شۇنداق يۈرۈپ، گۈلدەك چېھرى سولۇپ، سەرۋىدەك قامىتى مەجنۇنتالدەك ئېگىلدى، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى چارلاشتى. قىرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى.

شۇنداق كۈنلەردە ئۇ تاسادىپىي ئوردىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاشقا چىقىپ قالدى، كېتىۋېتىپ يولدا كۆردىكى، بىر كىشى پىل مىنىپ كېتىۋاتقان، بىرنەچچە ئوۋچى ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن يولۋاسنى سۆرەپ كېتىۋاتقان، بىر كىچىك بالا بىر مۈشۈكنى قۇيرۇقىدىن سۆرەپ ساڭگىلىتىپ يۈرگەن. بىر ئىت تاياق كۆتۈرۈۋالغان بىر قەلەندەردىن قورقۇپ قېچىۋاتقان، ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا بىر كىشى ئىت مېنى قوغلاۋاتىدۇ دېگەن ئوي بىلەن قېچىۋاتقان، بىر چاشقان بولسا دەسسىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرگەن

ئىكەن. شۇ چاغدا بىر كىشى ئۆلۈك يولۋاستىنمۇ قورقۇپ «ۋايجان» دەپ تووۋلىغىنىچە قاچىمەن دەپ مەلىكىنى سوقۇۋېتىشكە تاسلا قاپتۇ ... «بۇ ئەمدى نېمە ئىش؟» دېدى مەلىكە تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ئوردىغا بېكىنىۋېلىپ ئويلاشقا باشلىدى، لېكىن ھېچ چۈشەنمىدى، زادى كىمنىڭ ئەڭ باتۇر ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى، تىرىك بولسا ھازىرمۇ شۇ توغرىدا ئويلىنىۋاتقاندۇ. سىز ئىزدىگەن مەلىكە شۇ ئەمەسمۇ؟

— ياق، ياق ئۇ ئەمەس، — دەپتۇ شاھزادە دىلشات، — مېنىڭ مەلىكەم مېنى سۆيىدۇ، ئۇ ئالىلىبۇرۇن مېنى تاللاپ بولغان، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلاشنى قارار قىلغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق خېيىم - خەتەرگىمۇ باش ئەگمەسلىكنى ئەھدە قىلغانمەن. ئۇنى ھېلىلا قارا قۇيۇن بۇلاپ قاچقان، مەن ئۇنى ئىزدەپ تاپاي.

— ئاۋۋال بىزگە ياردەم قىلساڭچۇ، — دەپتۇ نېلۇپەر، يوپۇرماقلىرىمىزغا قۇرت چۈشۈپ بىزنى بەك ئازابلىدى.

شاھزادە دىلشات دەرھال نېلۇپەر ياپراقلىرىدىكى قۇرتلارنى تېرىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ماڭماقچى بوپتۇ.

— توختاڭ، — دەپتۇ نېلۇپەر گۈلى، — كەينىڭىزدە، ئۈچ قەدەم نېرىدا بىر تال گۆھەر كۆمۈكلۈك، ئېلىۋېلىڭ، لازىم بولىدۇ. ئاندىن ئۇستىمىزگە قورقماي ئات سېلىڭ.

شاھزادە دىلشات گۆھەرنى ئىزلەپ تاپقاندىن كېيىن نېلۇپەر

كۆلگە ئات ساپتۇ، ئاق تايچاق نېلۇپەر يوپۇرماقلىرىغا دەسسەپ كۆلدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

شاھزادە دىلشات نېلۇپەر گۈللىرى بىلەن خوشلىشىپ چېپىپتۇ، چېپىپتۇ، ئاخىرى بىر غار ئالدىغا يېتىپتۇ. غاردىن ئېپار ھىدى كېلىدىكەن.

شاھزادە دىلشات ئاق تايچاقنى ئوتلۇقتا قويۇۋېتىپ، ئۆزى غارغا قاراپ مېڭىپتۇ. بىراق غاردىن يەتتە ياشلىق يالماۋۇز چىقىپ يولىنى توسۇپتۇ، ئۇنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتى ئادەمنى سەسكەندۈرىدىكەن.

ــ ھەي شۇمتەك، ــ دەپتۇ يالماۋۇز توۋلاپ، ــ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟

ــ مەلىكەمنى ئىزلەپ كەلدىم، ــ دەپتۇ شاھزادە دىلشات، ــ ئۇنى تېزرەك چىقىرىپ بەر.

ــ مانا ساڭا مەلىكە، ــ دېگىنىچە يالماۋۇز 7 ـ بېشىدىن ئوت، قالغان بېشىدىن تۈتەك پۈركۈپتۇ. بىراق شاھزادە دىلشات ئوت ۋە تۈتەكنى قالقان بىلەن توسۇۋاپتۇ. ئاندىن ئالماس قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىپتۇ، يالماۋۇزمۇ بىر تال چېچىنى نەيزىگە ئايلاندۇرۇپ تاقابىل تۇرۇپتۇ.

ئۇلار ئېلىشىپتۇ، ئېلىشىپتۇ، شاھزادە دىلشات باتۇرانە ئېلىشىپ يالماۋۇزنىڭ ئالتە بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. يالماۋۇز ئەمدى جەڭدىن توختاپ، قالغان 7 ـ بېشى بىلەن توختىماي ئوت پۈركۈپتۇ، شاھزادە دىلشات قالقان بىلەن ئوتنى توسۇپتۇ ـ يۇ،

لېكىن ئەمدى يالماۋۇزغا ھۇجۇم قىلالماپتۇ، ئاخىرى ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ قويىنىدىكى گۆھەرنى ئېلىپلا يالماۋۇزنىڭ ئاغزىنى نىشانلاپ ئاتقان ئىكەن. گۆھەر تاش ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ بېرىپ، يالماۋۇزنىڭ ئاغزىغا كىرىپ، گېلىغا كەپلىشىپتۇ. يالماۋۇز ئەمدى ئوت پۈركۈيەلمەس بولۇپ قاپتۇ، شاھزادە دىلشات شۇ پۇرسەتتە ئېتىلىپ كېلىپ، يالماۋۇزنىڭ 7 ـ بېشىنىمۇ ئۇزۇۋېتىپتۇ، ئۇزۇلگەن باش يۇمىلاپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغ مەلىكە ئىپارقىز غاردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

ــ ئۇنىڭ تېنىنى پارچىلاپ تاشلاڭ، بېشى كېلىپ تېنى بىلەن بىرلىشىۋالمىسۇن، ــ دەپتۇ شاھزادە دىلشاتقا.

شاھزادە دىلشات ئالماس قىلىچ بىلەن يالماۋۇزنىڭ تېنىنى قىيمىلاپ تاشلاپتۇ ـ دە، مەلىكىنى ئاق تايچاققا مىندۈرۈپتۇ، ئۆزى ئارقىسىغا مىنىپتۇ، يولىغا راۋان بوپتۇ. شۇ چاغ يالماۋۇزنىڭ بېشى مىڭ مۇشەققەتتە گېلىغا قاپلاشقان گۆھەرنى قۇسۇپ تاشلاپ خەپ توختا، «خەپ توختا!» دەپ تووۋلىغىنىچە يۇمىلاپ ـ يۇمىلاپ قوغلاپ كەپتۇ ـ دە، ئوت پۈركۈشكە باشلاپتۇ، قالقان بىلەن مەلىكە ۋە ئاق تايچاقنىمۇ ئوتتىن ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن شاھزادە دىلشات تايچاقنى چاپتۇرۇپ، بار كۈچى بىلەن قېچىپتۇ، يالماۋۇزنىڭ بېشىمۇ قۇيۇندەك تېز يۇمىلاپ قوغلاپ مېڭىپتۇ. يېتىۋالاي دېگەندە نېلۇپەر كۆلىگە دۇچ كەپتۇ. شاھزادە دىلشات ئىككىلەنمەي ئات سېپتۇ، تايچاق نېلۇپەر ياپراقلىرىغا دەسسەپ بىمالال ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يالماۋۇز

بېشىنى بولسا نىلۇپەر ياپراقلىرى كۆلگە ئۆكتۈرۈۋېتىپتۇ، شاھزادە دىلشات مەلىكە ئىپارقىز بىلەن داۋاملىق قېچىپ ئەتىرگۇل قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ، كۆل ئاستىدىن مىڭ مۇشەققەتتە يۇمىلاپ چىققۇالغان يالماۋۇز: «خەپ توختاش، قايتىشىمدا سەن نىلۇپەرلەرنى بىرمۇ بىر يۇلۇپ تاشلاپ، كۆلنىمۇ قۇرۇتۇۋەتمىسەم» دەپتۇ ـ دە، ھايالىسىزلا شاھزادە دىلشاتقا يېتىۋالاي دەپ قاپتۇ، بىراق ئەتىرگۇل چېچىدىن ئىلىنىۋېلىپ كاشىلا قىپتۇ، شۇ ئارىدا شاھزادە دىلشاتلار قېچىپ يىراقلىۋاپتۇ، يالماۋۇزنىڭ بېشى «خەپ سېنى» دېگىنىچە ئوت پۈركۈپتۇ. ئەتىرگۇل كۆيۈپ كۇل بوپتۇ، ئەمما تۇپراق ئاستىدا قالغان يىلتىزدىن سادا كەپتۇ: «مەن ھامان كۆكلەيمەن، بىراق سەن يوقىلىسەن.»

يالماۋۇزنىڭ بېشى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: «خەپ توختا، قايتقاندا يىلتىزىڭدىن قۇرۇتۇۋەتمىسەم» دېگىنىچە يەنە يۇمىلاپ كېتىپتۇ.

قوغلاپتۇ، قوغلاپتۇ، قىزىلگۇل يېنىغا كەلگەندە يېتىۋالايلا دەپ قاپتۇ، ئاق تايچاق قۇدۇق ئۈستىدىن بىر ئاتلاپلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بىراق يالماۋۇزنىڭ بېشى ئۇچۇپ ئۆتكىچە قىزىلگۇلنىڭ شاخلىرى قايرىلىپ كېلىپ بىرلا ئۇرۇلۇپ ئۇنى قۇدۇققا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

«خەپ سېنى، — دەپ تووۋلاپتۇ يالماۋۇزنىڭ بېشى، — سېنى يىلتىزىڭدىن قۇرۇتۇۋەتمىسەم ...» بىراق ئۇنىڭ سۆزى

ئاياغلاشمايلا ئاۋازى مەڭگۈلۈك ئۆچۈپتۇ. چۈنكى قۇدۇق ئاستىدا ياشايدىغان ئاجايىپ يوغان بىر چار پاقا ئۇنىڭ بېشىنى چوڭ بىر چىۋىندەك بىلىپ، كاپ قىلىپلا يۇتۇۋەتكەن ئىكەن.

شاھزادە دىلشات بىلەن مەلىكە ئىپارقىز ئەمدى تىنچ - خاتىرجەم مەنزىلگە راۋان بوپتۇ.

# ئېشەك ۋە گۈل

(مەسەل)

كەڭ دالىدا بىر تالغىنە ياۋا گۈل پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. ئۇنىڭ قىپقىزىل رەڭلىك گۈلچىنىسى گويا يېلىنجاپ تۇرغان ئوتقاشتەك، ئۇنىڭدىن تارالغان ھىدلار ئاجايىپ خۇش پۇراق ئىكەن. ئۇنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغىنى، نامەلۇم گۈزەللىكى ۋە خۇش پۇراقلىقى بىلەن چىرايلىق كېپىنەكلەر ۋە ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىكەن.

ھەسەل ھەرىلىرى ئۇنىڭ شەنىگە مەدھىيە ناخشىسى ئېيتىپ ھارمايدىكەن، كېپىنەكلەرمۇ ئۇنى چۆرگىلەپ ئۇچۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ توختىمايدىكەن.

شۇ تاپتا بۇ يەرگە بىرەر ئىنسان قەدىمى يېتىپلا قالسا ئۇزاقتىچە زوقلىنىپ قاراپ كېتىدىغانلىقى ۋە خۇش پۇراقلىرىدىن قېنىپ - قېنىپ سۈمۈرىدىغانلىقى ئېنىق ئىكەن. ئەگەر بىر فوتو سۈرەتچى بولغىنىدا يەنە تېخى كۆڭۈلدىكىدەك ئېسىل بىر بەدىئىي فوتو سۈرەت ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا

چىقىرىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىكەن.

بىراق، شۇنداق بىر چاغدا بۇ يەرگە ئىنسان ئەمەس بەلكى بىر ئېشەكنىڭ قەدىمى يېتىپتۇ. ئۇ ئۆز يولىغا كېتىۋەرگەن بولسىمىغۇ ھېچ گەپ يوق ئىكەن، ئەپسۇس، ئۇ كەلگەنچە كېلىپ، ھېلىقى چىرايلىق ياۋا گۈلنى بىر چىشلەپلا ئۈزۈۋېلىپ، ئالدىرىماي چايناشقا باشلاپتۇ، بۇ نېمە قىلىق؟ كېپىنەك ۋە ھەسەل ھەرىلىرى ئۈسسۈل ۋە ناخشىلىرىدىن چېپپىدە توختاپ، تېڭىرقاش ئىلكىدە قاراپلا قېلىشىپتۇ.

پەقەت بىر ھازادىن كېيىنلا ئېسىگە كېلىشىپ، تۇشمۇ تۇشتىن تووۋلاپ كېتىشىپتۇ:

— ھەي كالۋا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، شۇنداق چىرايلىق ۋە خۇش پۇراق، ئېسىل بىر گۈلنى بىرتال خەشەكنى چايناپ يۇتقاندەك رەزگى چىشلىرىڭدا چايناپ يۇتۇۋەتتىڭغۇ، ساڭا يېيىشكە بۇ دالىدىكى خوخا ـ تىكەنلەر، ئوت ـ چۆپلەر ئازلىق قىلارمىدى ... ۋۆي بەتقىلىق مەخلۇق ... ئەجەب ئېسىل بىر گۈل ئىدى ... لەنەت ساڭا كالۋا ئېشەك ...

ئۇلارنىڭ غەزەپلىك چۇقانلىرى قۇلىقىغا كىرمىگەندەك، ئېشەك جاناب بېشىنى پۇلاڭشىتىپ، بىرنى پۇشقۇرۇپ قويۇپ، شۇنداق دەپتۇ: «تەمى ئانچە ياخشى ئەمەسكەن، ئانچە يېيىشلىك ئەمەسكەن، بىلەمسىلەر، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتىگە يېگىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى، تەمىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ باھا بېرىش كېرەك. ئەگەر ئۇنى يېگىلى

بولمىسا، ياكى يېگىلى بولسىمۇ تەمى ياخشى بولمىسا نېمىسىنى ياخشى، نېمىسىنى ئېسىل دېگىلى بولسۇن، بۇنداق نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئەسلا يول قويماسلىق كېرەك، يول قويۇلسا تۇپراقتىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇقلار ئۇنىڭ ئۈچۈن بىھۇدە ئىسراپ بولىدۇ، شۇ، بۇ بىر تازا هاماقەتلىكتە...»

كېيىنەك ۋە ھەسەل ھەرىلىرى ئېشەك جانابىنىڭ بۇ ۋالاقلاشلىرىنى ئاڭلاپ، يا مەسخىرىلىك كۈلۈشىنى، ياكى گۈل ئۈچۈن قايغۇرۇپ يىغلىشىنى ياكى رەدىيە بېرىشىنى بىلمەي سەل تېڭىرقاپ قاپتۇ ـ دە، ئاخىرى يەنە ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي تارقىلىپ كېتىشىنى توغرا تېپىپتۇ. ئېشەكنىڭ قىلمىشى ۋە گەپ ـ سۆزلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق تارقىلىپ، ئېشەك توغرىسىدىكى مەسخىرىلىك كۈلكىلەر ۋە مۇلاھىزىلەرگە خېمىرتۇرۇچ بوپتۇ، ئىشىنىڭلاركى بۇ مۇلاھىزىلەر ئىچىدە ئېشەكنى ئەيىبلەيدىغان ۋە بىلجىرلاشلىرىغا رەددىيە بېرىدىغانلار كۆپ سانلىق ئىكەن.

ئەگەر كۆپ سانلىقلارنىڭ تەپەككۇرى ئاشۇ ئېشەكتەك بولۇپ قالىدىغان بولسا بۇ دۇنيادا قانچىلىك گۈزەل ۋە ياخشى نەرسىلەر نابۇت بولۇپ كېتەر ـ ھە!

# قاغا بىلەن بۇركۇت

(مەسەل)

بۇلبۇلنىڭ خۇش ئاۋازلىقى، توزنىڭ گۈزەللىكى، بۇركۇتنىڭ جەسۇرلۇقى، كەكلىكنىڭ چىرايلىق مېڭىشلىرى، ئاق قۇننىڭ ئاپپاقلىقى، شاتۇتىنىڭ سۆخەندانلىقى ... ئەيتاۋۇر ئۆزىدىن باشقا ھەممە قۇش تۈرلىرىنىڭ بىرەرخىلدىن بولسىمۇ ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى كۆرگەن ۋە بىر ئۆزىنىڭلا رەڭگىنىڭ كۆرۈمسىزلىكى، ئاۋازىنىڭ سەتلىكى بىلەن ھەممىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن قاغا ئېگىز تېرەكنىڭ ئۇچىدا ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنى شۇنداق يارىتىپ قويغان تەڭرىدىن رەنجىپ، ئۆز ھالىدىن قايغۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا قۇشلارغا، بولۇپمۇ خۇش ئاۋازلىقى بىلەن جاھانغا مەشھۇر بولغان بۇلبۇلغا ۋە جەسۇرلۇقتا تەڭداشسىز بۇركۇتكە بەكمۇ ھەسەتخورلۇقى كېلىپ، رەشك ئوتىدا پۇچىلىنىپتۇ.

شۇنداق ئولتۇرۇپ بىردىنلا كۆڭلىدە بىر ئوي ـ خىيال پەيدا بوپتۇ ـ دە، قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇ ئۇچقانچە قاياققىدۇر كېتىپ بىر مەزگىل ئۆزىنى پىنھان تۇتۇپتۇ. ئاندىن

يەنە قايتىپ كەپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ قايسىدۇر بىر كاللىسى ئىلىمگە توشقان «دانىشمەن» دىن تەلىم ئېلىپ، «دانىشمەن» بولۇپ كەلگىنىنى داۋراڭ قىپتۇ. ھەم ئۇچرىغانلا جانىۋارغا ئاغزىغا كەلگىنىچە ۋالاقلاپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ يۈرۈپتۇ، بەزىلەر ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماپتۇ ـ يۇ، لېكىن بەزى ئەقلى قىسقىلار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قېلىپ، بىلىپ ـ بىلمەي ئۇنىڭ جارچىسى بولۇپ قاپتۇ، ھەممە يەردە: «قاغا راستىنلا دانىشمەن بوپتۇ» دەپ تەرىپىنى قىلىپ، ماختاپ يۈرۈپتۇ، ئاقىۋەت كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ۋائىزلىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ۋالاقتەككۇر قاغىنىڭ بېشىغا «دانىشمەن» لىك تاجى كىيدۈرۈلۈپ قاپتۇ.

بۇنىڭدىن كۆرەڭلەپ كەتكەن قاغا خۇدىنى بىلمەي، گىدىيىپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە ئۇزۇندىن بېرى باشقا جايلارغا ساياھەتكە كېتىپ قېلىپ، يېڭىلا قايتىپ كەلگەن بۈركۈت كېلىپلا قاغىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، زىيارەت قىلىپ، تەلىم ئېلىش ئۈمىدىدە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سوراپتۇ:

ــ ھۆرمەتلىك دانىشمەن قاغا ئۇستاز، جاۋاب بېرىڭچۇ، قانداق قىلغاندىلا ھەممە قۇشلاردىكى ئارتۇقچىلىقنى بىر ئۆزۈمگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن قۇش بولالايمەن.

ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىدىكى ھەسەتخورلۇق ئوتىدا ئۆچمەنلىك تىغلىرىنى تاۋلاپ كەلگەن قاغا شۇ ھامان بۇلبۇل ۋە باشقا

قۇشلارغا بۇركۇتنىڭ قۇدرەتلىك تۇمشۇق ۋە پەنجىلىرى بىلەن شىكەستە يەتكۈزمەكنى پىلانلاپتۇ ـ دە، كۆزىنى يۇمۇپلا قاقىلداشقا باشلاپتۇ:

ــ قەدىرلىكىم بۇركۇت، بىلەمسىزكىن، مەن ئەسلىدە بىر دانىشمەننىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت كانى بولغان مېڭىسىنى چوقۇپ يەۋالغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن دانىشمەنگە ئايلانغانمەن، بىراق بۇ ئىش ئاڭلىماققا تازا ياخشى ئىشتەك بىلىنمەيدىغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارغا «دانىشمەندىن تەلىم ئېلىپ كەلدىم» دەپ يۈرگەنمەن، تەلىم ئېلىشقا توغرا كەلسە قانداقمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ئەجرە قىلمايلا دانىشمەن بولغىلى بولسۇن، شۇنىڭدىن مەلۇمكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن مەن قىلغاندەك قىلىشىڭىز كېرەك.

ــ ھۆرمەتلىك دانىشمەن، تېخىمۇ ئېنىق ۋە تەپسىلىي چۈشەندۈرسىڭىز، ــ دەپتۇ بۇركۇت.

ئۇنىڭ دەل شۇنداق سورىشىنى كۈتۈپ تۇرغان قاغا ئۆزىنىڭ بېرى ئويلاپ قويغانلىرىنى بىراقلا قارىغىدىن تۆكۈپ شۇنداق ۋاقىلداپتۇ:

ــ قەدىرلىكىم بۇركۇت، دېمەكچىمەنكى، بۇلبۇلدەك خۇش ئاۋاز بولۇش ئۈچۈن بۇلبۇلنىڭ تىلىنى كېسىپ يېيىشىڭىز، تورغايدەك گۈزەل بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ چىرايلىق پەيلىرىنى يۇلۇۋېلىپ، ئۆزىڭىزنى بېزىشىڭىز، كەكلىكتەك چىرايلىق

مېڭىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كېسىۋېلىشىڭىز، بۆركۈتتەك جەسۇر بولۇش ئۈچۈن بۆركۈتنىڭ ...

ئۇ شۇنداق ۋالاقلاۋېتىپ ئاڭلىغۇچىدىن سىر تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر ئوي ـ پىكىرنىمۇ دەپ سېلىۋاتقىنىنى ھېس قىپتۇ ـ دە، دەرھال توختىۋاپتۇ، بۆركۈت بولسا ئۇنىڭ شۇم غەرىزى نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ غەزەپ بىلەن توۋلاپتۇ:

— قېنى سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرمامسەن، بۆركۈتتەك جەسۇر بولۇش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك، ئۇنىڭ ھارماس قاناتلىرىنى سۇندۇرۇۋېلىش، ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى يۇلۇۋېلىش، بولسا تېنىنى پارچىلاپ، گۆشىنى خامتالاش قىلىش كېرەكمۇ؟

— ياق، ياق، — دەپتۇ قاغا ئالاقزادە بولۇپ، ئالدىراش ـ تېنەش ئىزاھات بېرىپ، — تەلىم ئېلىش ... بۆركۈتتىن تەلىم ئېلىش كېرەك.

— سېنىڭ تەلىم ئېلىش دېگىنىڭ ھېلىقىدەك «مېڭىسىنى چوقۇۋېلىش» ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ بۆركۈت مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

— ياق، ياق، — دەپتۇ قاغا تېخىمۇ قورقۇپ دۇدۇقلاپ.

— مېنىڭ ھازىر دانىشمەن بولغۇم بار، — دەپتۇ بۆركۈت يەنە، — شۇنىڭغا ئاۋۋال سەن دانىشمەندىن تەلىم ئالاي دېمەن، ھەقىقەتەن دانىشمەن بولۇپ قالسام سۆزۈڭنىڭ راستلىقى ئىسپاتلىنىدۇ ـ دە، ئاندىن بۇلبۇلنىڭ تىلىنى، توزنىڭ پەيلىرىنى، كەكلىكنىڭ پۇتلىرىنى ... ئالغىلى بارارمەن.

شۇ سۆزدىن كېيىنلا ئۇ بۇ «دانىشمەن» قاغىنىڭ مېڭىسىنى بىر چوقۇپلا چۇۋۇۋېتىپتۇ ـ دە، ئاندىن سەكسىنىش بىلەن يەرگە پۇلاڭلاپ چۈشكەن ئۆلۈككە قاراپ قويۇپ، تومشۇقىنى يۇيۇۋېتىش ئۈچۈن سۇ ئىزدەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلدى نامەلۇم، بىراق دېمەكچىمەنكى ھەسەتخورلۇق ۋە قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلار ھامان كىشىنى ئاشۇ ۋالاقتەگكۈر قاغىدەك ئاقىۋەتكە قالدۇرسا كېرەك.

# ئۆلۈك يولۋاس بىلەن ئەخمەق ئېشەك

(مەسەل)

نېمە ئۈچۈندۇ ئىگىسىز قالغان بىر ئېشەك بېشى قايغان، پۈتى تايغان تەرەپكە كېتىۋېرىپ، بىر ئورمانلىق ياقىسىغا بېرىپ قاپتۇ، ئۇ بۇ يەردە كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىشلىرى ھىڭگىيىپ تۇرغان، بىراق ئېڭەكلىرىنى ئالدى پۇتلىرى ئۈستىگە قويۇپ سوزۇلۇپ ياتقان ناھايىتى زور بىر تاغىل يولۋاسنى كۆرۈپتۇ، كۆرۈپتۇ - يۇ، قورققىنىدىن قارامتۇل تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، ئارىسىدىن سوغۇق تەرلىرى تەپچىپ، ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپتۇ ۋە «ئاھ! خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دەپ پىچىرلىغىنىچە، گويا پۇتلىرى يەرگە قېقىلىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قاپتۇ.

شۇ ھالدا تۇرۇپتۇ، تۇرۇپتۇ، بىراق ئۇ قورقۇشىدا خىيالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ئىش زادىلا يۈز بەرمەپتۇ، يولۋاس ياتقان ئورنىدا مىت قىلىپمۇ قويماپتۇ.

ئاخىرى ئېشەك يولۋاسنىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ - دە، ئاندىن پۇتلىرىغا جان كىرىپ، بۇرۇلۇپلا ئارقىغا يېنىپ

قىچىپتۇ. بىر دۆڭلۈكنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىلا بەك ھاسىراپ قالغىنى ئۈچۈن توختاپ ئارام ئاپتۇ، بىراق يەنىلا يۈرىكى ئىزىغا چۈشمەي، يولۋاس قالغان تەرەپكە ئاستاغىنە قاراپ بېقىپتۇ، يولۋاس يەنىلا بۇرۇنقى ئورنىدا بۇرۇنقى ئىسكەتىدە ياتقۇدەك.

— ئۇھا! خۇداغا شۈكۈر، يۈزمىڭ قەترە شۈكۈر، — دەپتۇ شۇ چاغدىلا ئۇ كۆڭلى تىنچىپ، — ھەر نىمە بولسا ئۆلۈك ئىكەن، بىراق شۇنداقتىمۇ مىنى ئەجەب بەك قورقۇتتى، ئەگەر تىرىك بولغىنىدا بولسا ئاللىبۇرۇن...

ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا تىرىك يولۋاسقا دۈچ كەلگەندىكى بولغۇسى پاجىئەلىك ئاقىۋىتى كۆز ئالدىغا كەپتۇ - دە، ۋۇجۇدىنى قايتىدىن قورقۇنچ قاپلاپ تىترەپ كېتىپتۇ ۋە بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋېلىش قارارىغا كەلتۈرۈپتۇ.

بىراق ئۇ شۇ چاغ يولۋاس ياتقان جاينىڭ ئۇيان تەرىپىدىن كېلىۋاتقان بىر نەچچە يولۇچىنى كۆرۈپتۇ - دە، تېزرەك كېتىش خىيالىدىن ۋاقتىنچە يېنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈك يولۋاستىن قورقۇش - قورقماسلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، كۆزىتىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

ئەنە ھېلىقى يولۇچىلار يولۋاسقا يېقىنلىشىپمۇ قاپتۇ، يولۋاسنىمۇ كۆرۈپتۇ، يولۋاسنىڭ ئۆلۈكلىكىنى سەزمەي قېلىشتىمۇ ياكى چۆچۈپ، ئەندىككەندەك سەل تېڭىرقاپ تۇرۇشقاندىن كېيىن ئۇدۇل مېڭىۋېرمەي، خۇددى يولۋاسنى ئۈركۈتۈپ قويۇشتىن قورققاندەك ئېھتىيات بىلەن قەدەم

بىسىپ، يىراقتىن ئەگىپ ئۆتۈپتۇ.

«ۋاھ، ئۇلارمۇ قورقتى، — دەپتۇ ئىشەك ئۆز - ئۆزىگە بەكمۇ خۇشال بولۇپ، — قورقۇنچاق بىر مەنلا ئەمەسكەنمەن.»

شۇنداق دەۋىتىپ بىردىنلا يەنە، ئۇلار بىرنەچچە ئادەم تۇرۇپ ئۆلۈك يولۋاستىن قورقتى، مەن بولسام تىرىك، ھەم بوي - بەستىم يولۋاستىنمۇ زور، ھەيۋەتلىك بىر ئىشەكمەن، ئۇنداق بولغاندىكىن بۇ يولۇچىلار يېقىنلاشقان ھامان ئېتىلىپ چىقىپ، تازا بىر قورقۇتۇپ كۆڭۈل ئاچمايمۇ، دېگەندەك ئەخمىقانە خىياللاردا بوپتۇ - دە، ئۆزىنىڭ ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان ئاددىي بىر ئىشەكلىكىنى ئۇنتۇپ، يېقىنلاشقان يولۇچىلارنىڭ ئالدىغا قۇيرۇقلىرىنى دىڭگايتىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، بار ئاۋازى بىلەن ھاڭرىغىنىچە دۈك كەينىدىن تۇيۇقسىز چاپراقلاپ ئېتىلىپ چىقىپتۇ. بىراق ئۆلۈك يولۋاستىن ھېيىققان يولۇچىلار بولسا بىزنىڭ بۇ ئەلپازى قورقۇنچلۇق تىرىك ئىشەكمىزدىن قىلچىلىك قورقۇپ قالماي، بەلكى، ئەجەب ئوبدان ئۇچرىدىغۇ بۇ جانىۋار دېگىنىچە تۇتۇۋېلىپ، چىچاڭشىپ سەكرەشلىرى ۋە چىشلەشكە، تېپىشكە ئۇرۇنۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، بەلباغلىرىنى ئارغامچا قىلىپ، بوينىدىن باغلاپ تاياق بىلەن ئۇرۇپ - دۇمبالاپ، تېزلا ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن بىرى مىنىپ، قالغانلىرى يېتىلەپ، ئەگىشىپ يولنى داۋام قىپتۇ.

ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەر بولىدۇكى ھېلىقى ئىشەككە

ئوخشاش قورقۇنچاق، ھەم ئەخمەق، يامانىنىڭ ئۆلۈكىدىنمۇ قورقىدۇ - يۇ، لېكىن بەزىدە ھالىغا باقماي، بىھۇدە خىياللارغا بېرىلىپ، باشقىلارغا ھەيۋە قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ، ئاقىۋەت ئۆزى پېشكەللىككە يولۇقىدۇ، دېمەكچىمەنكى، ھەركىم ھالىغا يارىشا ئارماندا بولۇشى، دەرمانى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورۇقماسلىقى كېرەك.

# پوچىنىڭ ئاقىۋىتى

(مەسەل)

شۇنداق كىشىلەرمۇ بولىدۇ، نادانلىقىدىن رىۋايەت، ئەپسانە، ھېكايە، چۆچەكلەردىكى پېرسوناژلارنىڭمۇ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى راست دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، بەزىدە دوراپ باققۇسى كېلىدۇ. ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ راسا پو ئاتىدۇ، نەتىجىدە بالىلارچە شۇنداق قىلىقى بىلەن كۈلكىگە قالىدۇ.

شۇنداقلاردىن بىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ باقايلى، بىر كۈنى ئۇ كىشىلەرنىڭ «ۋۇسۇڭ» ھەققىدىكى تېلېۋىزىيە فىلىمى توغرىسىدا تەسىراتىنى سۆزلىشىۋېتىپ، ئۇنىڭ قۇرۇق قول ھالەتتىمۇ باتۇرلۇق بىلەن يولۋاسنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ - دە، قېنى قىزىپ تۇۋلاپ كېتىپتۇ: «ئۇنى نېمانچە ماختاۋېرىسىلەر، خۇددى ئارىمىزدا ئۇنداق قەھرىمانلار يوقتەك، بىلىپ قويۇڭلاركى بۇنىڭدىن نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى ۋۇسۇڭ قۇرۇق قول يولۋاس ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇگۈنكى دەۋر قەھرىمانلىرىمۇ شۇنداق

قىلالايدۇ، بەلكى ئانچە كۈچەش كەتمەيدۇ، ئىشەنمىسەڭلا كۆرۈپ تۇرۇڭلاركى ئەتىلا بىرىپ ئورمانلىقتىن بىر يولۋاس ئەكىلىمەن، ئۆلتۈرۈپ ئەمەس، بەلكى تىرىك ئەكىلىمەن.»

ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ پوچىلىقىغا، نادانلىقىغا كۈلۈشۈپتۇ، بىزنىڭ ئورمانلىرىمىزدا يولۋاس بولمىغاندىن كىيىن شۇنداق پوچىلىق قىلىۋالدىغۇ، دەپ ئويلىشىپتۇ، بىراق ھىلىقى كىشى بولسا ئەتىسى راستىنلا دىگىنى بويىچە ئورمانغا مىڭىپتۇ، باشقىلار بارماسلىق، بارسا مىلتىق ئىلىپ بىرىش ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ، بىراق بۇ «ئەخمەق باتۇرىمىز» «ۋۇسۇڭ» دىنمۇ ئىشىپ چۈشىدىغان قەھرىمانلىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇق قول كىتىپتۇ.

ئاقىۋەت نىمە بوپتۇ، دەمسىز؟ يول ئۈستىدە بىر غالجىر ئىتقا يولۇقۇپ، راسا تالىنىپ، قانغا بويىلىپ، ئانىسىنىڭ ئۆزىنى تۆت پۇتلۇق قىلىپ تۇغمىغىنىغا لەنەت ئوقۇغىنىچە قىچىپ كەپتۇ.

ئارىمىزدا يەنە ئاشۇنداق جاھىل ۋە ئەخمەق پوچىلارنى يوق دەپ كىم ئىيتىدۇ.

# بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ ھەيكىلى

(مەسەل)

چوڭ شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى مەيداندا ئۇلۇغلاردىن بىرىگە ئاتاپ ياسالغان ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر گىرانىت تاش ھەيكەل بار ئىكەن. ئۇ قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، پۈتۈن شەھەرگە نەزەر سېلىۋاتقاندەك، مەغرۇر بىر ھالەتتە توققۇز مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۆزىگىلا خاس تاش سۇپا ئۇستىگە دەسسىتىپ قويۇلغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىلەر ئادەتتە تەبىئىي ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەنمۇ ياكى ئۇنىڭ سۈر - ھەيۋىتىدىن ئەيمەنگەنلىكىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئۆتىدىكەن، تېخى بايرام ۋە خاتىرە كۈنلىرىدە ھەيكەلنىڭ ئەتراپىدا گۈلچەمبىرەك، گۈل سېۋىتى ۋە گۈلدەستىلەر پەيدا بولۇپمۇ قالىدىكەن. بەزىدە ئۇنىڭ شەنىگە قەسىدە ئوقۇغۇچىلارمۇ بولۇپ قالىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. شەھەر مەركىزىدىكى مەيدان بولغاندىكىن بىر كىشى ئەمەس، بەلكى ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ئۇ يەردىن

كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆتۈپ تۇرىدىغۇ دەيمۇ قالارسىز، توغرا، ئۇمۇ ئاشۇ كۆپلىگەن ئۆتكۈچىلەرنىڭ بىرىلا خالاس. بىراق ئۇ بەكمۇ ئالدىراش ماڭغانمۇ، ياكى مەلۇم ئوي ـ پىكىرگە بەند بولۇپ كېتىۋاتقانمۇ بۇنىسى نامەلۇم. بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ھەيكىلىگە ئېھتىرام بىلدۈرمەپتۇ. ھەتتا قاراپمۇ قويماپتۇ. بۇنىڭغىمۇ مەيلى دېگۈلۈك، بىراق دەل ھەيكەل سۇپىسى قېشىغا كەلگەندە بىرنى تۈكۈرۈپ ساپتۇ.

بۇ بىر كىچىكلا ئىشقۇ، بىراق ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىدا، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئەمەس بەلكى ھەيكىلى ئالدىدا بولسىمۇ بۇنداق قىلىش تازا بىر ئەدەپسىزلىكتە، شۇنداقتىمۇ ئۇلۇغ زات بولغاندىكىن قورسىقىنى كەڭرەك تۇتۇپ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئەدەپسىزلىكلەرگە ئېرەن قىلمىسا، ئەپۇ قىلىۋەتسە بولاتتى، بىراق بىزنىڭ ھېلىقى ھەيكىلىمىز تازا بىر قورسىقى تار ئۇلۇغ كىشىنىڭ ھەيكىلى بولسا كېرەك. بۇ كىچىككىنە سەۋەنلىككە تاقەت قىلالماي تازا ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، تووۋلىۋېتىپتۇ: «ھەي ئەدەپسىز!»

ھېلىقى كىشى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ـ دە، «كىم گەپ قىلىۋاتىدىكىن» دېگەندەك ئەتراپقا قاراپ بېقىپتۇ، لېكىن ھەيكەلدىن باشقا ئادەم سۈرەتلىك ھېچ نېمە يوق ئىكەن.

ـــ گەپ قىلغان سەنمۇ؟ ـــ دەپتۇ ئۇ ئىختىيارسىز ھەيكەلگە قاراپ.

ـــ شۇنداق، ـــ دەپتۇ ھەيكەل زەردە بىلەن، ـــ سەن تېخى

مېنى سەنلەۋاتىسەنغۇ.

ـــ سەنلىسەم نېمە بوپتۇ، ـــ دەپتۇ ھېلىقى كىشى ئەجەبلىنىپ، ـــ سەن مېنى نېمە دەپ تىللايتتىڭ.

ـــ ھەي بىئەدەپ، ئۇلۇغلارغا مۇشۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلامسەن، ـــ دەپتۇ ھەيكەل تېخىمۇ قايناپ، ـــ ساڭا نېمە قىلالايدىغانلىقىمنى تازا بىر كۆرسىتىپ قويمىسام، خەپ توختاپ تۇر.

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ ئەتراپقا نەزەر سالپتۇ، لېكىن باشقا چاغدا ئادەم مىغىلدايدىغان بۇ مەيداندا بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ھېلىقى كىشىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەپتۇ.

ـــ مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويىدىغان بىرسى بولسا بولاتتىغۇ، ـــ دەپتۇ ھەيكەل يەنە، ـــ بىراق بولمىسىمۇ ھېچقىسى يوق، مەن ئۆزۈم بىر تېپىپ قويسامۇ بولىدىغۇ، توختا. مانا ھازىرلا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ ئالدىغا سىلجىپتۇ، ھېلىقى كىشى بولسا ھەيكەلدە كۆرۈلگەن بۇ كارامەتلەردىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ ـ دە دەرھال ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ. ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىسىغۇ مەيلى ئىدىغۇ، بىراق ھېلىقى ھەيكەل ئالدىغا سىلجىغانچە ئېگىز سۇپىدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، پارە ـ پارە بولۇپ چېقىلىپ كېتىپتۇ، ئەمدى بۇ يەردىن ئۆتكۈچىلەر ئۇنىڭ ئەسلىدە بىر ئۇلۇغ زات ھەيكىلىنىڭ پارچىلىرى ئىكەنلىكىگە پىسەنت قىلماي، ئۇستىدىن دەسسەپ ـ

چەيلەپ ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا سۇپۇرۇپ، تۈپلىنىپ كېرەكسىز ئەخلەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپتۇ.

ئىبرەت ئېلىش كېرەككى ھەرقانداق كىشى، بولۇپمۇ ئۇلۇغ زاتلار ئەڭ ياخشىسى كەڭ قورساقراق بولغىنى تۈزۈك. باشقىلارنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك سەۋەنلىكلىرىنى كۆرگەندە ئەپۇ قىلىۋەتكىنى، تەگەپ يۈرمىگىنى ياخشى، بولمىسا ئۆزىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈۋالىدۇ، ياكى ئۆز ئابرۇيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋالىدۇ.

# تۈلكىنىڭ رامكىسى

(مەسەل)

ھايۋانات مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى شىر پادىشاھ كۈنلەرنىڭ بىرىدە «ئەقىللىق» دەپ داڭ قازانغان ۋەزىرى تۈلكە جانابنى ئوردىسىدا ئۆتكۈزمەكچى بولغان رەسىم كۆرگەزمىسىگە رەسىم تاللاش ۋەزىپىسىنى بېجىرىشكە تەيىنلەپتۇ.

تۈلكە جاناب رەسىم ھەققىدىكى بىلىملەردىن ئانچە خەۋەردار بولمىسىمۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئىلمىدىن خېلىلا چوڭقۇر خەۋەردار ئىكەن، شۇڭا ئۇ پەرماننى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئاجايىپ نەپىس ئالتۇن ھەل بېرىلگەن رامكا ياساتتىپتۇ. ئاندىن رەسساملارغا ئۆز ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ سەرخىللىرىنى ئەكىلىپ تاللاشقا قاتناشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىپتۇ، تاللانغان ئەسەرلەرلا كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلىدىغانلىقى ۋە ئىنئامغا ئېرىشىدىغانلىقىنى جاكار قىپتۇ، ئاندىن رەسىملەرنى رامكىغا سېلىپ تاللاشقا ھازىرلىنىپتۇ.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي رەسساملار ئۆز ئەسەرلىرىنى تۈلكە

جانابىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكە باشلاپتۇ، بۇلار ئىچىدە رەسساملىق ساھەسىدىكى ئابرۇيلۇق پېشقەدەملەرمۇ، ئىزدىنىپ يېڭىلىق ياراتقۇچى رەسساملارمۇ، يېڭىدىن رەسساملىق ساھەسىگە قەدەم قويغان ۋە تالانتىنى ئەمدىلا نامايان قىلىۋاتقانلارمۇ بار ئىكەن. تۈرلۈك ئېقىملارنىڭ ۋەكىللىرى تېپىلىدىكەن. ھەممىسى نادىر ئەسەرلىرىنى شاھ ئوردىسىدىكى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش، ئۆز ئەمگىكىنىڭ بۇ ئېسىل مېۋىلىرىدىن ئەلنى بەھرىمەن قىلىش ئۈمىدىدە ئىكەن.

ئەپسۇس، رەسساملارنىڭ نەچچە كۈنلەپ، نەچچە ئايلاپ، ھەتتا نەچچە يىللاپ ئەجىر قىلىپ سىزغان رەسىملىرى تۈلكە جانابىنىڭ رامكىسى ئالدىغا كەلگەندە بىر - بىرلەپ شاللىنىپ كېتىپتۇ. چۈنكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى رامكىغا سىغمىسا، بەزىلىرى كىچىك كەپتۇ، بەزىلىرىگە ئىشلىتىلگەن رەڭ - بوياقلار رامكىنىڭ رەڭگىگە ماس كەلمىسە، بەزىلىرى شاھانە رامكا ئىچىدە ئاددىي كۆرۈنۈپ قاپتۇ. تۈلكە جاناب بولسا ھەرقانچە نادىر، ئېسىل ئەسەر بولسىمۇ ئالتۇن ھەللىك رامكىغا ماس كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ قايتۇرۇۋېتىۋېرىپتۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزلۈكىدىن مەلۇمغۇ، ئاخىرى ئۇ قۇرۇق رامكىسىنى قۇچاقلاپ قاپتۇ.

ئويلايمەنكى بۇ ئىشتىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ئېلىش زۆرۈر

بولسا كېرەك، ھەممىسىنى ئالدىن بەلگىلەپ قويغان ئۆلۈك رامكىغا سېلىپ باھالىماقچى بولۇش بىر ئەخمىقانىلىق، ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەت سېپىدىكى ئاۋانگارتلار ئۈچۈن بىر توسۇق.

# ئەخمەق ئېشەك

(مەسەل)

ئىگىسى دائىم يۈك ئارتىپ توشۇغىلى ياكى هارۋا سۆرىگىلى سالىدىغان، ياكى مىنىپ يۈرۈپ ئارام بەرمىگەن بىر ئېشەك بار ئىكەن، ئۇ پۇرسەت بولسىلا ئىگىسى قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، ياكى باغلاقتىن بوشىنىۋېلىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىشنى، بېشى قايغان، پۇتى تايغانكى تەرەپكە يورغىلاپ، خۇشال - خۇرام، ئازادە يۈرۈشنى ئويلايدىكەن.

ئاخىرى بىر كۈن ئۇنىڭ مۇرادى هاسىل بولىدىغان پۇرسەتمۇ كېلىپ قاپتۇ. ئىگىسىنىڭ بىخەستەلىكىدىن ئۇ ئارغامچىنى ئۈزۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇ قاچقانچە بىر ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ يەر ئۇنىڭغا تىنچ ۋە راهەتلىك ماكان بوپتۇ، چۈنكى بۇ يەردە ئەلۋەك ئوت - چۆپلەر، يۇمران شاخ - يوپۇرماقلار، خالىغانچە غاجىلايدىغانغا دەرەخلەر ۋە سۈپسۈزۈك ئېقىن سۇلار، ئىشقىلىپ بىر ئېشەككە كېرەكلىك بولغان هەممە نېمەتلەر تەل ئىكەن، بۇلاردىن قانغۇچە بەهرە ئالغان ۋە ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىغان ئېشەك بەكمۇ خۇشال بوپتۇ - دە، قىلغىلى قىلىق

تاپالـمايلا قاپـتۇ، ئاخـرى ئۆزىنى بـاسالـماي بـار ئاۋازى بىلـەن ھاڭراشقا باشلاپتۇ.

چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىقىنى بىلدۈرىدىغانغا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى چارە يوق ئىكەن، ھـەم بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشى ئىكەن.

بىراق، ئۇ ئۆزى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئاقىۋىتىنى ئويلاشمايلا قىلىپ قويغان بۇ ئىش، يەنى ياڭراق، لېكىن سەت ئاۋازى بىلەن ئورمانلىقنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ھاڭراش ئۇنىڭغا بىر پېشكەللىكنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇ بولسىمۇ ئېشەكنى يوقالغاندىن كېيىن تىت ـ تىت بولۇپ ئىزدەپ يۈرگەن ۋە تاپالماي ئۈمىدىنى ئۈزەيلا دەپ تۇرغان ھېلىقى ئىگىسى ئىكەن.

ئۇ ئۇزۇن يىل ئىشلەتكەن ئېشىكىنىڭ ھاڭرىشىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى ئاڭقىرىۋاپتۇ ـ دە، ئورمانلىققا يۈگۈرەپتۇ. پايلاپ تـۇرۇپ، بىخۇد يـۈرگەن ئېشـكىنى تۇتۇۋاپـتۇ، ھېلىـلا خۇشاللىقىدىن خۇدىنى بىلمەي، تېرىسىگە سىغمايلا قالغان ئېشەك ئەمدى ئۈستىگە مىنىۋالغان ئىگىسىنىڭ ئاچچىق تىل ـ ھاقارەت ۋە ئايىماي قامچىلاشلىرى ئىچىدە قۇلاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ، ئۆي تەرەپكە ئىتتىك ـ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كېتىپتۇ.

كۆرۈۋالىمىزكى، ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان قىلىقلىرىمىز ۋە ئادەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ياخشى بولۇشى ناتايىن. بەلكىم

بىزنى ئويلىمىغان پالاكەتلەرگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەرۋاقىت قىلغان ئىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قويۇشىمىز، ئەخمەقلەرچە ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولۇپ قېلىپ، پالاكەت بېسىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

# كۆلۆپلا يۈرىدىغان ئادەم

(چۆچەك)

ئاللىبۇرۇن ئۆتمۈشكە ئايلانغان بىر زامانلاردا نېمە دەپ ئاتىلىدىغىنىمۇ نامەلۇم بىر مەملىكەتتە تولىمۇ زالىم بىر پادىشاھ ھۆكۈمران ئىكەن. ئۇنىڭ مىجەزى بەك ئوسال، ھەم چىرايىدىن دائىم خاپىلىقلا يېغىپ تۇرىدىغان بولۇپ، كىملەردىندۇر رەنجىپ، ئاچچىقلاپلا يۈرىدىكەن، ھەم بۇ رەنجىش ـ ئاچچىقلاشلار ھامان نەچچىلىگەن باشلارنىڭ كېسىلىشى ۋە نەچچىلىگەن كىشىنىڭ قاراڭغۇ زىندانغا قامىلىشىغا سەۋەبچى بولىدىكەن، تېخى بۇنىڭ بىلەنمۇ ئاچچىقى يانمىدىكىن تاڭ، ھامان قاش ـ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، تۇتۇلۇپلا يۈرىدىكەن، ئۆزى شۇنداق بولغاچقىمىكىن، باشقىلارنىڭمۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، خۇشال ـ خۇرام يۈرگىنىنى بەك يامان كۆرىدىكەن. ئاخىرى ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپتۇكى، بۇ مەملىكەتتىكى كىشىلەر ھەتتا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان گۆدەك

بالىلارغىچە كۆلمەيدىغان، گويا كۆلۈشنى بىلمەيدىغاندەكلا يۈرىدىغان بوپتۇ. ھەممىسىنىڭ چىرايىنى غەم بۇلۇتى، قايغۇ ـ ھەسرەت تۇمانلىرى قاپلاپتۇ. ھەتتا بۇ مەملىكەتنىڭ ئاسمىنىمۇ قاچانلا قارىسا تۇتۇق، تۇمانلىق كۆرۈنىدىغان، نۇرلۇق قۇياشمۇ بۇ مەملىكەت ئاسمىنىغا كەلگەندە تۇزۇك نۇر چاچمايدىغان، كېچىلەردە تولۇن ئايمۇ بۇلۇت ـ تۇمانلار كەينىدىن خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىراق بىر ئەلدىن بۇ مەملىكەتكە بىر مۇساپىر يىگىت كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ چىھرىدىن ھامان كۈلكە يېغىپلا تۇرىدىكەن، ئېغىزىدىن كۈلكىگە ئوخشاشلا يېقىملىق، شاد ناخشىسى ياڭراپلا تۇرىدىكەن.

ئۇ كېلىپلا بۇ مەملىكەتنىڭ بىر چېتىدىكى تاشلاندۇق يەردە كەپە ياساپ ئولتۇرۇپتۇ. بوز يەر ئېچىپ بىر پارچە كۆكلەمزارلىق بىنا قىپتۇ، كۈنلىرى شۇنىڭ بىلەن ئارامخۇدا، باياشاتلىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. چۈنكى ئۇ تولىمۇ ئىشچان بولغاچقا، تۆككەن ھالال تەرى بەدىلىگە زېمىندىن ئالتۇن باشاقلارغا ئېرىشىپتۇ، بىراق ئۇ ماكانلاشقان يەر بىر چەت ـ ياقا، خىلۋەت بولغاچقا دەسلەپ ئۇنى ھېچكىم بايقىماپتۇ.

شۇ كۈنلەردە ئۇ بىر تاغار بۇغداينى سېتىپ پۇل قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ، يول بويى ئۇنىڭ شاد ناخشىسى ياڭراپلا تۇرۇپتۇ، ئۇنى كۆرگەنلەر: «تۇۋا، بۇ يىگىت

نېمانچە قاپ يۇرەك ـ ھە، بىر بالاغا دۇچار بولمىسلا بولاتتىغۇ»
دېيىشىپ قاپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا چېتىلىپ قالماسلىق ئۇچۇن،
ئالدىراپ ئۇنىڭ يېنىدىن يىراقلىشىپتۇ.

يىگىت بولسا كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىن قاچقىنىنى پەرۋايىغا
ئالماي كېتىۋېرىپتۇ، بىراق تېزلا پادىشاھنىڭ پايلاقچىلىرىنىڭ
كۆزىگە چېلىقىپ قاپتۇ.

— ئۇ ساراڭ بولمىسىلا دۆت، كالۋا نېمىكەن، — دەپتۇ
پايلاقچىلاردىن بىرى ھەمراھىغا، — سەن بىلەن باغلىشىمەنكى
ئۇ ئۆزاققىچە كۈلەلمەيدۇ.

— ياق، — دەپتۇ پايلاقچىلارنىڭ يەنە بىرى، — ئۇ
خاپىلىقنى، غەم ـ قايغۇنى بىلمەيدىغاندەكلا قىلىدۇ.

— قاراپ تۇر، — دەپتۇ بىرىنچى پايلاقچى، — ئۇ ھارغىنلىق
يېتىپ، مۇگدەپ قالغىنىدا تاغاردىكى نەرسىنى ئوغرىلاپ
كېتىمەن، شۇ چاغدا خاپا بولغىنىنى كۆر، ئەگەر يەنە خاپا
بولغىنىنى كۆرەلمىسەڭ شاھىمىزدىن ئالىدىغان ئىنئام
ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن.

ئاندىن ئۇ ئېغىر تاغارنى يېنىدا قويۇپ، يول بويىدا
ئولتۇرۇپلا مۇگدەپ قالغان يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ـ دە، پەم
بىلەن تاغارنى كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ، بىر جايغا تىقىپ قويۇپ
كېلىپ يىگىتكە:

— ھەي، ئويغان، — دەپتۇ تۈرتكۈچلەپ، — تاغىرىڭنى

ئوغرى ئالدى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپتۇ يىگىت كۆلۈمسىرەپ، — ھەر ھالدا ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇپتىمەن، ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش خېلىلا تەس كەلگەن ئىدى.

ئاندىن ئۇ يەنە شاد ناخشىسىنى توۋلاپ، كەلگەن يولى بىلەن يېنىپتۇ، پايلاقچى بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن ھاڭۋاقىقىنىچە قاراپ قاپتۇ.

— ھەي، — دەپتۇ ھەمراھى ئۇنى تارتقۇشلاپ، — يۈر، شاھىمىزغا مەلۇم قىلىپ، ئىنئام ئالايلى، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن، ئىنئام ئالساق ھەممىسى مېنىڭ.

— توختا، — دەپتۇ بىرىنچى پايلاقچى، — بىز يەنە بىر قېتىم سىناپ باقايلى، ماڭ، ھازىرلا كەينىدىن بارىمىز، مەن ئۇنىڭ ھامان كۆلۈپلا يۈرىدىغانلىقىغا يەنىلا ئىشەنمەيمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يىراقتىن يىگىتكە ئەگىشىپتۇ. يىگىت ئۇلارنى بايقىماي كېتىۋېرىپتۇ. شۇنداق كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ.

— ئۇ ئەمدى خاپا بولۇشى چوقۇم، — دەپتۇ بىرىنچى پايلاقچى قەدىمىنى تېزلىتىپ، — تېز بول، ئۇنىڭ يامغۇردا قاقشاپ، خاپا بولغىنىنى كۆرسەن.

بىراق ئۇلار يىگىتكە يېقىنلاشقاندا يەنىلا ئۇنىڭ كۆلۈپ تۇرۇپ:

— ئەجەب ياخشى بولدى، ئىسسىقلاپ، تەرلەپ تۇرغانىدىم، مانا بىر بەلەن سەگىدەپلا قالدىم، يامغۇر ئاتا قىلغان ئاللاغا رەھمەت، — دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. خۇددى يىگىتنىڭ رەھمىتىگە جاۋاب قايتۇرغاندەك يامغۇر ئەمدى چىپپىدە توختاپتۇ ـ دە، بىردىنلا ھاۋا ئېچىلىپ، قۇياش كۆلۈپتۇ، يىگىتنىڭ كىيىملىرىمۇ تېزلا قۇرۇپتۇ.

— ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسەن، — دەپتۇ ئىككىنچى پايلاقچى، — يۇر، قايتىمىز، شاھىمىزدىن بۇ ئىشنى مەلۇم قىلغىنىمىزغا بېرىدىغان ئىنئامنى ئېلىشقا ئالدىراۋاتىمەن.

— توختا، — دەپتۇ بىرىنچى پايلاقچى ئۆڭگۈپ ـ تاتىرىپ، — مەرتەم ـ مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن. ئۇنى يەنە بىر سىناپ باقايلى.

ئۇلار يەنە يىگىتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋېرىپتۇ، يىگىت ئاخىرى كەپىسى يېنىغا يەتكەندە توختاپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئېتىزلىقتا ئۆزىدىنمۇ ئېگىز ۋە بولۇق ئۆسكەن، ھەر تۈپىدە ئالتە ـ يەتتىدىن باش چىقارغان قوناقلىققا ھەۋەس بىلەن قاراپ، ئىسقىرتىپ قويۇپ، كەپىسىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

پايلاقچىلار بىر ھازا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن قوناقلىققا بېرىپتۇ ـ دە، دانلىرى يېڭىلا سۈتكە تولۇشقا باشلىغان قوناقلارنى سۇندۇرۇپ، يۇلۇپ، دەسسەپ، چەيلەپ نابۇت

قىلىشقا باشلاپتۇ. تەرلەپ ـ پىشىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بىرەر سائەتچە جاپا چېكىشكەندىن كېيىن ۋەيران قىلىنغان قوناقلىقىقا رازىمەنلىك بىلەن قارىشىپ قويۇپ، سەل دېمىنى ئېلىۋاپتۇ ـ دە، ئاندىن يىگىتنىڭ كەينىگە مېڭىپتۇ.

يىگىت كەينىدە بەخىرامان ئۇخلاپ ياتقان ئىكەن، ئۇنىڭ خورىكىمۇ ناخشىدەكلا يېقىملىق ئىكەن.

— ھەي ئويغان، — دەپ توۋلىشىپتۇ پايلاقچىلار ئۇنى تەپكىلەپ، — بىراۋلار قوناقلىقىڭنى ۋەيران قىپتۇ. چىقىپ قاراپ باق، نېمانچە بىغەمسەن ـ ھە.

يىگىت كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، چىقىپ كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغىدەك نابۇت قىلىۋېتىلگەن قوناقلىقىنى كۆرۈپتۇ، لېكىن يەنىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك:

— بۇمۇ ياخشى بولغىنى، — دەپتۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمدى قوناق ئورۇيمەن، قوناق ئۇزىمەن دەپ جاپا تارتىشىمنىڭ ھاجىتى قالماپتۇ.

— نېمىشقا خاپا بولمايسەن، نېمىشقا قوناقلىقىڭنى نابۇت قىلغۇچىلارنى بولۇشىچە تىللاپ ـ قارغىمايسەن، — دەپ كاركىراپتۇ بىرىنچى پايلاقچى ئاچچىقتىن پوكاندەك ئېسىلىپ.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن، — دەپتۇ يىگىت يەنىلا خۇشخۇيلۇق بىلەن، — تېخى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈم كېرەك.

چۈنكى بىر مۈنچە جاپادىن قۇتۇلدۇم ـ دە، ئۆزۈممۇ «قوناقلارنىڭ ئورنىغا بۇغداي تېرىسام» دەپ يۈرەتتىم، چۈنكى قوناق ئۈنىنىڭ تامىقىدىن بۇغداي ئۈنىنىڭ تامىقى، زاغرىدىن گىردە ياخشى، ئەمدى بۇغداي تېرىلغۇسىنى بۇرۇنراق باشلىۋالىدىغان بولدۇم.

پايلاقچىلار چالمىسى سۇغا چىلاشقان هالدا سالپىيىپ قايتىشىپتۇ ۋە چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن، هېرىپ هالىدىن كەتكەن چاغدا ئارانغىنە شەهەرگە، زالىم شاهنىڭ ئوردىسىغا يېتىپتۇ ـ دە:

— داد، پادىشاهىم، — دەپ توۋلىشىپتۇ ئۆپكىلىرىنى باسالمىغان هالدا.

— نېمە ئىش؟ — دەپ هۈرپىيىپتۇ شاه قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ.

— بىز غەم ـ قايغۇنى بىلمەيدىغان بىرسىنى بايقىدۇق، — دەپتۇ بىرىنچى پايلاقچى.

— ئۇ كۈلۈپلا يۈرىدىكەن، تېخى ناخشا توۋلاپلا تۇرىدىكەن، — دەپتۇ هەمراهى.

— بىز ئۇنىڭ ئاشلىق تاغىرىنى ئوغرىلىۋالغاندىمۇ، ئۇ يامغۇردا قېلىپ هۆل بولۇپ كەتكەندىمۇ، بىز يەنە بولۇق ئۆسكەن قوناقلىقىنى ۋەيران قىلىۋەتكەندىمۇ كۈلۈپلا يۈردى، گويا ئۇ غەم ـ قايغۇنى، خاپا بولۇشنى بىلمەيدىغاندەكلا تۇرىدۇ ... —

دىيىشىپتۇ پايلاقچىلار يەنە ئاغزى ـ ئاغزىغا تېگىشمەي جاۋىلداپ.

— ئۇنىڭغا مەن بىلدۈرۈپ قويىمەن، — دەپتۇ زالىم شاھ غەزەپ بىلەن تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ، — ياساۋۇل! بېرىپ ھېلىقى كۈلۈپلا يۈرىدىغان بەتبەختنى پوت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ زالىم شاھ ھۆركىرەپ.

— خوپ ئالىيلىرى، — 40 ياساۋۇل زالىم شاھقا تەزىم قىلىۋېتىپ، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پايلاقچىلارمۇ دەرھال يول باشلاش ئۈچۈن بىللە مېڭىپتۇ.

كەتكەنلەر تېزلا پۇت ـ قوللىرى چۈشىلىپ، ئاتقا ئارتىلغان يىگىتنى ئېلىپ قايتىشىپتۇ. يىگىت شاھ ئالدىغا كىرگەندىمۇ يەنىلا چېھرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان ھالىتىدە ئىكەن، ئۇ شاھقا سالام بېرىۋېتىپ:

— مېنى سەلتەنەتلىك شاھ ئوردىسىنى كۆرۈپ بېقىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان شاھ ئالىيلىرىغا رەھمەت، — دەپتۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— كۆزۈمدىن يوقات، زىندانغا تاشلا، — دەپ توۋلاپتۇ شاھ سەپرايى ئۆرلەپ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قان تولغان كۆزلىرى ھېلىلا چانىقىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغاندەكلا ئىكەن.

ياساۋۇللار دەرھال يىگىتنى سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پايلاقچىلار بولسا شاھتىن ئىنئام ئېلىش تۇگۇل، شۇنداق كەيپى ناچار پەيتتە ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۆزلىرىنىڭمۇ دۇچ كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇشۇپ دەرھال قويىرۇقىنى خادا قىلىشىپتۇ.

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپتۇ قاراڭغۇ ۋە چوڭقۇر زىندانغا تاشلانغان يىگىت يەنىلا غېمىدە يوق، — نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئىش ـ ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولۇپ، خېلىلا چارچىغان ئىدىم، ئەمدى ئارامخۇدا ئارام ئېلىۋالىدىغان بولدۇم.

شۇ ھامان قاراڭغۇ زىندان يورۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. ئۇ يەنە شاد ناخشىسىنى باشلاپتۇ. زىنداندىكى باشقا مەھبۇسلار دەرھال ئۇنىڭ بالاسىغا چېتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلارغا قېچىپتۇ، يىگىتنىڭ زىنداندىكى ئەھۋالىغا قىزىقىپ قاراپ باققىلى كىرگەن پايلاقچىلار دەرھال شاھ ئالدىغا پايپاسلاپ چىقىشىپ:

— داد، پادىشاھى ئالەم، — دېيىشىپتۇ ۋايساپ، — بايىقى گۇناھكار زىنداندىمۇ ھېچنېمىدىن غېمى يوق شاد ـ خۇرام ناخشا توۋلاۋاتىدۇ.

— نېمە دېدىڭ؟ — شاھ چىرايى ئۆڭۈپ ـ تاتىرىپ، تىلى كالۋالاشقان ھالەتتە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ ـ دە، —

جاللات! — دەپ توۋلاپتۇ كارنىيى يىرتىلغۇدەك.

شۇ ھامان ئايپالتىلىرىنى سوغۇق يالتىرىتىپ، توققۇز جاللات: «لەببەي شاھىم، كىمگە ئەجەل يەتتىكىن» دەپ ھازىر بوپتۇ.

— دەرھال ھېلىلا زىندانغا تاشلانغان گۇناھكارنى پۇت - قوللىرىنى چۈشەپ دېڭىزغا تاشلاڭلار، — دەپ پەرمان قىپتۇ شاھ، — ئەمدى مەڭگۈ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولمىسۇن.

جاللاتلار، «خوپ ئالىيلىرى» دېيىشكىنىچە دەرھال كەينىچىلەپ مېڭىپ شاھانە قەسىردىن چىقىپ كېتىشىپتۇ، شاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقۇپ ۋەزىرلەردىن ھېچبىرى شاھقا نەسىھەت قىلىپ، بۇ ناھەقچىلىكنى توسۇشقا پېتىنالماپتۇ.

جاللاتلار زىندانغا بېرىپلا يىگىتنى چىقىرىۋېلىپ، دېڭىز بويىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، ئاندىن پۇت - قوللىرىنى چۈشەپ، بويىنىغا تاش ئېسىپ، دېڭىزغا تاشلاپتۇ.

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپتۇ يىگىت يەنىلا دېڭىزغا تاشلىنىش ئالدىدىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — شاپائەتلىك شاھ ئالىيلىرىنىڭ مېنى جەننەتكە يولغا سېلىپ قويغىنىغا رەھمەت. ئۇ يەرگە تېزرەك بېرىپ، رەھمەتلىك ئاتا - ئانامنىڭ روھىناتلىرى بىلەن دىدارلىشىشقا تەقەززا ئىدىم.

بۇ گەپنى جاللاتلار بىلەن بىللە بېرىپ يىگىتنىڭ دېڭىزغا تاشلانغىنىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان ھېلىقى پايلاقچىلار ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال ئوردىغا پالاقشىپ كېلىپ، شاھقا ئېقىتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزۈپتۇ.

بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان شاھ بىر ھازا شالىنى چاچرىتىپ، دېڭىزغا تاشلانغان يىگىتنى تىللاپ ـ قارغاپتۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەنمۇ قانائەت قىلماي، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغانغا باشقا بىرىنى تاپالماي، يىگىتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىگە يەتكۈزگۈچى ھېلىقى پايلاقچىلارنىڭ قۇلاقلىرىنى كەستۇرۇۋېتىپتۇ.

ئەمدى دېڭىزغا تاشلانغان يىگىتكە كەلسەك، ئۇ تېزلا دېڭىز ئاستىغىمۇ يېتىپتۇ، لېكىن تۇنجۇقۇپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. لېكىن شۇ ھالدىمۇ چېھرىدىكى تەبەسسۇم يوقىماپتۇ، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ دېڭىز ئاستىدىكى بېلىقنىڭ تۇۋىنى تولىمۇ كۆركەم، رەڭدار بېلىق تەنلىك ساھىبجامال پەرىلەرگە يولۇققاندا بىردىنلا ئۇنىڭ چېھرىدە پارلاپ تۇرغان كۈلكە ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ ـ دە، ئۇلار دەرھال بۇ يېقىملىق يىگىتنى قۇتقۇزۇش نىيىتىگە كەپتۇ، ھەم ئۇنى كۆتۈرۈپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە دېڭىز يۈزىگە ئېلىپ چىقىپتۇ ـ دە، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۆلۈم گىردابىدىن تارتىۋاپتۇ.

— رەھمەت سىلەرگە، — دەپتۇ يىگىت مىننەتدارلىق

بىلدۈرۈپ، — قىلغان ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە نېمە قىلىپ بېرەي.

— ناخشا ئېيتىپ بەرگىن، — دەپتۇ بېلىق تەنلىك پەرىلەر، — ناخشاڭمۇ چېھرىڭدىكى تەبەسسۇمۇڭغا ئوخشاشلا يېقىملىق بولۇشى مۇمكىن.

يىگىت خۇشاللىق بىلەن ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ، ناخشىدا بېلىق تەنلىك پەرىلەرنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە قىلغان ياخشىلىقىنى كۈيلەپتۇ. نۇرلۇق قۇياشنى ۋە ئۇنىڭ سېخىيلىق بىلەن ئالەمگە نۇر ۋە ئىسسىقلىق بېغىشلىغانلىقىنى كۈيلەپتۇ، ئىللىق شامالنى ۋە ئۇنىڭ يۇمشاققىنە پەپىلەشلىرىنى كۈيلەپتۇ ... ئەيتاۋۇر ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن يېقىملىق ناخشىسىغا يۇغۇرۇپ كۈيلەپتۇ. ناخشا ئاخىرلاشقاندا بېلىق تەنلىك پەرىلەر تەسىرلىنىپ يىغلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى بولسا نۇرلۇق مەرۋايىت بولۇپ چۈشۈپتۇ. ئاندىن ئۇلار بۇ مەرۋايىتلارنى ئۇنىڭغا سوۋغات قىپتۇ. قۇياش ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۈلۈپ قاراپتۇ، ئىللىق شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ، ئەتراپىدا پىرقىراپتۇ.

يىگىت ئەمدى بېلىق تەنلىك پەرىلەر بىلەن خوشلىشىپ، كەپىسى تەرەپكە يۈرۈپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۆتەر يولى يەنىلا ھېلىقى زالىم شاھنىڭ شەھىرى، ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسىنىڭ

ئالدى ئىكەن.

ئۇ شەھەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىلىق تەنلىك پەرىلەر سوۋغا قىلغان قىممەت باھالىق مەرۋايىتلارنى شەھەردىكى نامرات ئاھالىگە چاچقۇ قىلىپ چېچىپتۇ.

ئۇنى ئۆز قولى بىلەن دېڭىزغا تاشلىغان جاللاتلاردىن نەچچىسى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يىگىتنىڭ يەنىلا ساق ـ سالامەت ۋە بۇرۇنقىدەكلا خۇشال ـ خۇرام ھالەتتە يۈرگىنىنى كۆرۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ ـ دە، بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىشكەندىن كېيىن دەرھال ئوردىغا پالاقشىپ كىرىشىپ:

ــ داد، پادىشاھى ئالەم، ــ دەپ توۋلىشىپتۇ ئۆپكىلىرىنى باسالماي، ــ ئۆز قولىمىز بىلەن دېڭىزغا تاشلىغان ھېلىقى گۇناھكار يەنىلا ساق ـ سالامەت ۋە بۇرۇنقىدەكلا خۇشال ـ خۇرام ھالدا يۈرۈپتۇ، تېخى بىر مۇنچە قىممەت باھالىق مەرۋايىتلارنى يالاڭ تۆشلەرگە چاچقۇ قىلىۋاتىدۇ.

ــ يالغان! ــ زالىم شاھ كارنىيى يىرتىلغۇدەك شۇنداق توۋلاپتۇ ـ دە، چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كەينىگە دىرىڭڭىدە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ۋەزىرلەر ئۇپۇل ـ توپۇل شاھنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، نەپسىنى تىڭشاپ بېقىپتۇ ـ دە، بىر ـ بىرى بىلەن بېقىشىۋالغاندىن كېيىن ئارىدىن باش ۋەزىر چىقىپ

ياساۋۇللارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ:

— ھۆرمەتلىك ۋە شانۇ شەۋكەتلىك شاھ ئالىيلىرى باقىي ئالەمگە رىھلەت قىپتۇ، ئۇ ھايات ۋاقتىدا نەپسى توختىغان ھامان مۇبارەك تېنىنى دېڭىزغا تاشلاشنى ۋەسىيەت قىلغان، ئۇ يەردە ئۇنى دېڭىزدىكى پەرىلەر كۈتىۋالارمىش، دەرھال ۋەسىيەت بويىچە ئىش كۆرۈڭلار، سەللا كېچىكسە مەرھۇم شاھىمىزنىڭ روھى ئۇرغۇسى.

— بەرھەق! — دېيىشىپتۇ زالىم شاھ ئالدىدا دائىم يۈرەكئالدى بولۇپ، ئۆزىنىڭ جان قايغۇسىدىلا يۈرىدىغان باشقا ۋەزىرلەرمۇ زالىم شاھتىن تېزرەك قۇتۇلۇشقا ئالدىراپ.

ياساۋۇللار دەرھال شاھنى تەگنە قورساق قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىپ شاھانە مەيىگە تاشلاپتۇ، ئاندىن مەپىكەشنى ئالدىرىتىپ، دېڭىز بويىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ، توختىماي قامچىلىنىۋاتقان ئاتلارمۇ بار كۈچى بىلەن چېپىپتۇ، ئاخىرى دېڭىز بويىغىمۇ يېتىپتۇ، ياساۋۇللار ئالدىراپ ـ تېنەپ شاھنى مەپىدىن كۆتۈرۈپ ئالغانچە ئاپىرىپ، تىك قىيادىن دېڭىزغا تاشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تىنىقى ئەسلىگە كېلىپ، كۆزلىرى ئېچىلىشقا، پۇت ـ قوللىرى مىدىراشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ياساۋۇللار پەرۋا قىلماپتۇ.

— قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ شاھ ياردىن دېڭىزغا تاشلانغاندىلا تولۇق ھوشىغا كېلىپ.

بىراق ئەمدى مۇمكىن بولسۇنمۇ، ياساۋۇللار ئۇنىڭ چولتوككىدە دېڭىزغا چۈشكىنىنى ۋە چۆكۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا قېلىشىپتۇ، ھېچبىرىنىڭ كاللىسىغا دېڭىزغا چۈشۈپ شاھنى قۇتقۇزۇش خىيالى كىرىپ چىقماپتۇ.

دېڭىز ئاستىدا بولسا شاھنى ھەقىقەتەن بېلىق تەنلىك ساھىبجامال پەرىلەر كۈتۈۋاپتۇ، ئۇنىڭ توختىماي جان تالىشىپ، پۇت - قوللىرىنى مىدىرىتىپ تۇرغىنىغا قاراپ، تېخى جېنى بارلىقىنى ھېس قىلىشىپتۇ - دە، قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن چۆرىسىگە يىغىلىپتۇ، لېكىن زالىم شاھنىڭ كىشىنى شۈركۈندۈرگىدەك ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرىدىغان سۆرۈن تەلەتىنى كۆرگەندە بولسا ئۇركۈپ تارقىلىپ كېتىشىپتۇ، زالىم شاھ: «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلىماقچى بولغان ئىكەن ئاغزىغا تۇزلۇق دېڭىز سۈيى كىرىپ كېتىپ، ئاۋازى چىقماپتۇ، ئاخىرى دېڭىز ئاستىدا جان تالىشىپ - جان تالىشىپ جىمىپلا قاپتۇ. جەسىتى بولسا ھايالىسىزلا ئاكۇلا - لەھەڭلەر تەرىپىدىن خامتالاش قىلىنىپتۇ.

ئۇنىڭ تەختىگە بولسا پەرزەنتى ياكى ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرى بولمىغىنى ئۈچۈن ھېلىقى كۆلۈپلا يۈرىدىغان يىگىت ۋارىسلىق قىپتۇ.

چۈنكى ۋەزىرلەر بۇ خۇشخۇي يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغان، ئۇلارلا ئەمەس بۇ مەملىكەتنىڭ خەلقىمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۆز مەملىكىتىدە يەنە شاد - خۇراملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىكەن. ھەممىسى خۇشال - خۇرام ياشاشنى خالايدىكەن.

يىگىت تەختكە ئولتۇرغان ھامان پۈتۈن شەھەر، پۈتۈن مەملىكەت تەۋەسىدە تەڭلا شاد كۈلكە ياڭراپتۇ. مەملىكەت ئاسمىنىمۇ سۈزۈلۈپ، قۇياش پارلاپتۇ، ھەممە يەر نۇر - ئاپتاپقا چۆمۈپتۇ، ھەم بۇخىل ئەھۋال خېلى ئۇزۇن زامانلار داۋام قىپتۇ.

مەجمۇئە ئىسمى: بالىلارغا سوۋغا ـ 2 (4)
كىتاب ئىسمى: خىرۇستال كەش
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: ئادىل ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەخمەت مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3
نەشرى: 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2010 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5373 - 2011 - 5
ئومۇمىي باھاسى: 84.00 يۈەن
بۇ قىسىمنىڭ يەككە باھاسى: 8.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن

# بالىلارغا سوۋغا - 2

Balilargha Sowgha

بىتەلەي توشقان
ئاق قۇ مەلىكە
ئۈچ ئالتۇن قورچاق
خرۇستال كەش
توز مەلىكە
توققۇز دانە ئالما
ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك
بەخت ئارىلىنى ئىزدەش
يولۇۋاسقا ئايلانغان بالا
ھاكاۋۇر چۈجە خوراز

单价: 8.00元

ISBN 978-7-5373-2011-5
9 787537 320115 >
总定价（十册）: 84.00元